مول بىلىم خەزىنىسى    دۇنيا پەن — تېخنىكىسىنىڭ روجىكى    زامانىۋى ئىشلەپچىقىرىشنىڭ ياردەمچىسى

# بىلىم - كۈچ




12

2016

KNOWLEDGE IS POWER 知识－力量

中 国 科 协 项 目 资 助

پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 15 — 58

ISSN 1002-9427

# ئادەمنى ھەيران قالدۇرىدىغان مۇزېي قۇرۇلۇشلىرى



ئامېرىكا سان فرانسىسكو گۈزەل - سەنئەت سارىيى 1915 - يىلى سېلىنغان بولۇپ، ئەسلىدە پاناما «تىنچ ئوكيان دۇنياۋى كۆرگەزمىسى» ئۈچۈن سېلىنغان، بۇ يەرگە كېلىپ سارايىنىڭ ئۆزگىچە بولغان رىم ئۇسلۇبىنى كۆرگەن ھەرقانداق ئادەم ئۆزىنى باسالماي سۈرەتكە چۈشۈپ خاتىرە قالدۇرىدۇ.

ئوسكار نىمېيېر مۇزېيى برازىلىيەنىڭ گۇئانابا دېڭىز قولتۇقىدىكى بىر تىك يارغا جايلاشقان، پۈتكۈل قۇرۇلۇش ئۇچار تەخسە شەكلىدە دېڭىزغا يېقىن سېلىنغان بولۇپ، يىراقتىن تاغلار كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ.





سالۋاردور دالىي مۇزېيىنىڭ يېڭى سارىيى ئامېرىكىنىڭ فلورىدا شتاتىغا جايلاشقان. ئۇنىڭ سىرتى بوراندىن ساقلىنىش ئەينىكى ئارقىلىق دولقۇنسىمان تۇخۇم شەكلىدە بېزەلگەن بولۇپ، بوراندىن قوغدىنىش ئالاھىدىلىكىگە ئىگە. مەزكۇر مۇزېي دۇنيادا دالىينىڭ ئەسەرلىرى ئەڭ كۆپ ساقلانغان مۇزېي دەپ نام ئالغان.

# «يوشۇرۇن كۈچىڭىز»

يوشۇرۇن ئېنېرگىيە ئادەمدىكى يوشۇرۇن ئىقتىدارغا ئوخشايدۇ، ئەگەر ئۆمرىڭىزدە ھېچ ئىشقا ئۇرۇنۇپ باقمىسىڭىز بىر ئۆمۈر ئۈن - تىنسىز، نام - نىشانسىز ئۆتۈپ كېتىسىز. ئەمما، ئۆزىڭىزنى قارىماققا ھاڭنىڭ گىرۋىكىگە كېلىپ قالغاندەك ھالەتكىچە مەجبۇرلىسىڭىز، يوشۇرۇن ئېنېرگىيەنىڭ ھەممىسى ھەرىكەت ئېنېرگىيەسىگە ئايلىنىپ، ھاياتىڭىز كۆزنى قاماشتۇرغۇدەك نۇر چېچىشقا باشلايدۇ.

يوشۇرۇن ئىقتىدار چوقۇم ئەمەلىي ئىقتىدارغا ئايلىنىشى كېرەك، ھەقىقىي ئىقتىدارغا ئىگە بولغان كىشىلەرنىلا دۇنيا ئېتىراپ قىلىدۇ. ئەمەلىي ئىقتىدار بولمىسا، يوشۇرۇن ئىقتىدار نۆلگە تەڭ، يوشۇرۇن ئىقتىدارنى ئەمەلىي ئىقتىدارغا ئايلاندۇرالمىغان ئادەم ئۆز ھاياتىغا يۈز كېلەلمىگەن ئادەمدۇر.

ئەگەر ئەمەلىي ئىقتىدارغا ئىگە بولاي دېسىڭىز، ئىشىكنى كۈچەپرەك ئىتتىرىڭ.

(«بىر يىلىڭىزدىكى 8760 سائەت» تىن ئېلىندى)

www.uyghurkitap.com

# مۇندەرىجە

## ئىلىم ـ پەن ۋە خۇراپاتلىق


1 پىشانە پىرىنسىپى: كۈچ تېجەيدىغان «ئاچقۇچ»........................دىلنۇر ئېزىز (ت)

2 گېن: ھاياتلىقنىڭ شىفىرى........................

3 سىستېما: ئەزالارنىڭ بىرلەشمە گەۋدىسى........................

4 ئادەم بەدىنىنى چۈشىنەمسىز........................


## ئىزدىنىش ۋە تەرەققىيات


6 تۇرمۇشنىڭ كەلگۈسىدىكى ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچىنى ئۆزگەرتىش........................مۇنەۋۋەر ئېزىز (ت)

9 ئۆزگىچە يان تېلېفون باتارېيەلىرى........................رىزۋانگۈل نۇرۇللا (ت)

12 ئىككى سېلسىيە گرادۇس نېمە ئۈچۈن يەر شارىنىڭ «بىخەتەرلىك سىزىقى» غا ئايلىنىپ قالىدۇ........................ساتتار غوپۇر (ت)


## پەننى ئومۇملاشتۇرۇش كۆزنىكى


14 ئاساسىي قاتلامدىكى پەننى ئومۇملاشتۇرۇش ئىشلىرىدا يېتەكلىق يارىتىپ ئومۇمىي خەلقنىڭ ئىلىم ـ پەن ساپاسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش توغرىسىدا........................ليۇ شىن


## ساغلاملىق چەمبىرىكى


17 سېمىزلىك ۋە گېن........................نۇرشات ئابدۇرىشىت (ت)

20 ئادەم بەدىنىدىكى «تۈنجى» ئەزا كۆچۈرۈش...پەزىلەت تۇرغۇن (ت)

21 سالامەتلىككە زىيانلىق ناچار ئادەتلەر........................

24 ھۈجەيرە سەۋىيەسىدىن ئادەم بەدىنىگە نەزەر........................

27 تەبىئىي يېمەكلىك دېگەن نېمە........................



نازارەت قىلىش تېلېفونى: 0991-6386550 تەھرىر بۆلۈمىنىڭ تېلېفونى: 0991-6386547

ئېلان تارقىتىش بۆلۈمىنىڭ تېلېفونى: 0991-6386551 خەت ساندۇقى: bilimkuqxjkx@163.com






12 ـ سان

(ئايلىق ژۇرنال)

2016 ـ يىل، دېكابىر (كۆنەك)

(ئومۇمىي 415 ـ سان)

1980 ـ يىل نەشر قىلىندى

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق

پەننى ئومۇملاشتۇرۇش ژۇرناللىرى نەشرىياتى



**تەھرىر ھەيئەتلىرى**

**مۇدىر:** لى چۈنياڭ

**مۇئاۋىن مۇدىر:** تاۋ پېڭ

ئابدۇغېنى ئىگەمبەردى

چالقار قىزىر

شيې گوجيڭ

مى نىڭ

ئىمىنجان زارى

ئەي چۈنگىن

بەي شاۋخۇڭ

**ھەيئەت ئەزالىرى**

ۋەن شياڭگۈي دىلشات مەتروزى

تاشقىن جاپپار ليۇ يىڭ جەن چياڭ

شيې شۈيەن جۇرئەت ھەبىبۇل لوجيەن يې

**نەشرىيات باشلىقى، باش مۇھەررىر:**

دىلشات مەتروزى

(كاندىدات ئالىي مۇھەررىر)

**مۇئاۋىن نەشرىيات باشلىقى، مۇئاۋىن باش مۇھەررىر:**

جۇرئەت ھەبىبۇل

(كاندىدات ئالىي مۇھەررىر)

لو جيەن يې

**تەھرىر بۆلۈم مۇدىرى:**

زەيتۇنگۈل ئابدۇۋايىت

**مەسئۇل مۇھەررىر:**

مۇنەۋۋەر ئېزىز

**كوررېكتور:**

ئاسىيە ھۈسەيىن

## ياشلار - ئۆسمۈرلەر كۇلۇبى

29 بەدەن تېمپېراتۇرىسى: تەن ساغلاملىقىنىڭ كۆرسەتكۈچى......
..........
31 تىل: ئادەم مېڭىسىنىڭ ئالىي ئىقتىدارى..........
32 نېمە ئۈچۈن كۆرگەن چۈشىمىز ئاسان ئېسىمىزدە قالمايدۇ.........

## ھايۋانات دۇنياسى

35 بۈركۈت ۋە ئۇنى قوغداش..........ئابدۇللا روزى

## مۇھىت ۋە ھاياتلىق

40 شەھەرلەردىكى ئۈردىن بۇلغىنىشنى تىزگىنلەش....گو جۈنلياڭ(ت)

## كەسپداشلار مۇنبىرى

42 يېزا ئىگىلىك پەن - تېخنىكا ژۇرنال مۇھەررىرلىرىنىڭ ساپاسى ۋە ھەر تەرەپلىمە تەربىيەلىنىشى توغرىسىدا.........خالىدە ئابدۇرېھىم

## ئۇنىڭدىن - بۇنىڭدىن

45 نېمە ئۈچۈن پىۋا بوتۇلكىسى ئاغزىنىڭ ھەرە چىشى داۋاملىق 21 تال بولىدۇ..........مۇنەۋۋەر ئېزىز(ت)
46 سونارنىڭ كىشىنى چۆچۈتكۈدەك قىرىش كۈچى بار..........
..........مۇنىرە ئابدۇقادىر(ت)
47 يېمەكلىكلەر توغرىسىدا قىسقىچە ساۋات..........

## بىلىۋېلىڭ

49 پەن - تېخنىكا سارايلىرىنىڭ پىدائىيلار مۇلازىمەت ئۇسۇللىرى ھەققىدە ئىزدىنىش..........ليۇ شىن
52 ئاۋاز تەڭشەش سۇپىسىنىڭ تۈرلىرى ۋە ئۇلارنىڭ ئالاھىدىلىكى......
..........ھەرەمنىسا توختى
55 جۇڭگولۇقلارنىڭ نوبېل مۇكاپاتىغا بولغان چوڭقۇر مۇھەببىتى......
..........مۇنەۋۋەر ئېزىز(ت)
57 مىكرو دولقۇنلۇق ئوچاق راستىنلا خەتەرلىكمۇ..........
..........رىزۋانگۈل نۇرۇللا(ت)
59 ئاپتوموبىل چىراغ كاشىلىسىنى تۆت باسقۇچلۇق ئەپچىل تەكشۈرۈش ئۇسۇلى..........ئىلشات ئىلياس






**مۇقاۋىنىڭ بىرىنچى بېتىدە:**
كەلگۈسىدىكى ئاپتوماتىك ھەيدىلىدىغان
ئۇقۇم ماشىنىسى
**باشقۇرغۇچى:**
شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق
پەن - تېخنىكا جەمئىيىتى
**نەشر قىلغۇچى:**
شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق پەننى
ئومۇملاشتۇرۇش ژۇرناللىرى نەشرىياتى
**تۈزگۈچى:**
«بىلىم - كۈچ» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى
**پوچتا نومۇرى:**
830054
**ئادرېسى:**
ئۈرۈمچى شەھىرى تېببىي ئۇنىۋېرسىتېت يولى
686 - قورۇ
(پەن - تېخنىكا سارىيى ئىچىدە)
**تەھرىرلەپ تەييارلىغۇچى:**
«قوشنا» ژۇرنىلى
**باسقۇچى:**
شىنجاڭ شىنخۇا باسما زاۋۇتى
**تارقاتقۇچى:**
ئۈرۈمچى شەھەرلىك پوچتا ئىدارىسى
**مۇشتەرى قوبۇل قىلغۇچى:**
مەملىكەتنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى پوچتا
تارماقلىرى
**مەملىكەت بويىچە بىرلىككە كەلگەن قەرەللىك**
**نەشر بويۇملىرى نومۇرى:**
CN65 - 1085 / Z
**خەلقئارا ئۆلچەمدىكى قەرەللىك نەشر بويۇملىرى**
**نومۇرى:**
ISSN1002-9427
**ئېلان تىجارەت گۇۋاھنامە نومۇرى:**
6501004000010
**پوچتا ۋاكالەت نومۇرى:**
58-15

**باھاسى:** 7.00 يۈەن

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



# پىشاڭ پرىنسىپى: كۈچ تېجەيدىغان «ئاچقۇچ»

قەدىمكى يۇنان ئالىمى ئارخىمېدنىڭ تاكى بۈگۈنگىچە تارقىلىپ كەلگەن: «مەندە دەسسەپ تۇرىدىغان نۇقتا بىلەن تىرەش نۇقتىسى بولسىلا يەر شارىنى كۆتۈرۈۋېتەتتىم» دېگەن ھېكمەتلىك سۆزى بار. بۇ جۈملە سۆزنىڭ ئىلمىي ئاساسى بار، ئۇنداقتا ئۇنىڭ ئىلمىي ئاساسى نېمە؟ ئۇ دەل پىشاڭ پرىنسىپىدۇر.

## پىشاڭ كۈچ تېجەيدىغان «ئاچقۇچ»

ئارخىمېد «تەكشىلىكتىكى شەكىللەرنىڭ تەڭپۇڭلۇقى توغرىسىدا» دېگەن كىتابىدا ئەڭ بۇرۇن پىشاڭ پرىنسىپىنى ئوتتۇرىغا قويغان. ئۇ ئالدى بىلەن پىشاڭنىڭ ئەمەلىي ئىشلىتىشتىكى بەزى تەجرىبىلىرىنى يەكۈنلەپ، ئاندىن گېئومېترىيەگە تەدبىقلاپ، ئەتراپلىق لوگىكىلىق ئىسپاتلاش ئارقىلىق، پىشاڭ پرىنسىپىنى ئوتتۇرىغا قويغان. ئېغىرلىقى بولمىغان خادىنىڭ ئىككى ئۇچىغا ئوخشاش ئارىلىقتىكى تىرەش نۇقتىسىغا ئوخشاش ئېغىرلىقنى ئاسقاندا، ئۇلار تەڭپۇڭ بولىدۇ؛ ئېغىرلىقى ئوخشاش بولمىغان خادىنىڭ ئىككى ئۇچىغا ئوخشاش بولمىغان ئارىلىقتىكى تىرەش نۇقتىسىغا ئوخشاش بولمىغان ئېغىرلىقنى ئاسقاندا، ئارىلىقى يىراق بولغان ئۇچى تۆۋەنگە قىيسىيىدۇ؛ پەقەت مەركەزدىكى ئورۇن ئۆزگەرمىسە، بىر ئېغىر نەرسە رولىنىڭ ئورنىغا بىرقانچە تەكشى تەقسىملەنگەن ئېغىر نەرسىنىڭ رولىنى دەسسەتسەك بولىدۇ، ئەكسىچە تەكشى تەقسىملەنگەن ئېغىر نەرسىنىڭ ئورنىغا ئۇلارنىڭ مەركىزىگە ئېسىپ قويغان ئېغىر نەرسىنىڭ رولىنى دەسسەتسەك بولىدۇ. ئوخشاپ كېتىدىغان شەكىللەرنىڭ مەركىزىنى ئوخشاپ كېتىدىغا ئۇسۇل بىلەن تەقسىملىسە بولىدۇ.

## ئادەم بەدىنى پىشاڭى

ھەربىر ئۇسكۇنىدە ئاساسەن پىشاڭ بولىدۇ، ئادەم بەدىنىدىمۇ نۇرغۇن پىشاڭ رول ئوينايدۇ. بىر نەرسىنى ئالغاندا، بىلىكىمىزنى ئەگكەندە، ھەتتا پۇتىنىڭ ئۇچىنى كۆتۈرگەندىمۇ ئادەم بەدىنى پىشاڭى رول ئوينىغان بولىدۇ. بۇنىڭ ئىچىدە كۆپىنچىسى كۈچ چىقىرىدىغان پىشاڭ، ئاز بىر قىسىم كۈچ تېجەيدىغان پىشاڭمۇ بار. باشنى لىڭشىتىش ياكى باشنى كۆتۈرۈشتە پىشاڭنىڭ رولىغا تايىنىدۇ، پىشاڭنىڭ تىرەش نۇقتىسى ئومۇرتقا چوققىسىدا بولۇپ، تىرەش نۇقتىسىنىڭ ئالدى ـ كەينىدە مۇسكۇل بولىدۇ، باشنىڭ ئېغىرلىقى قارشىلىق رولىنى ئوينايدۇ. جەينىكىمىزنى ئېگىپ ئېغىر نەرسىنى كۆتۈرگەن ۋاقىتتا، بىلىكىمىزمۇ بىر پىشاڭ ھېسابلىنىدۇ.

پۇتىمىزنىڭ ئۇچىنى كۆتۈرگەن ۋاقتىمىزدا تاپىنىڭ كەينىدىكى مۇسكۇل رول ئوينايدۇ، پۇتنىڭ ئۇچى تىرەش نۇقتىسى، بەدەن ئېغىرلىقى ئىككىسىنىڭ ئارىسىدا بولىدۇ. بۇ بىر كۈچ تېجەيدىغان پىشاڭ بولۇپ، مۇسكۇلنىڭ تارتىش كۈچى بەدەن ئېغىرلىقىدىن كىچىك بولىدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە پۇت قانچە ئۇزۇن بولسا شۇنچە كۈچ تېجىگىلى بولىدۇ. ئەگەر سىز بىلىكىڭىزنى ئەگسىڭىز مۇسكۇل 1200 نيۇتونغا يېقىن تارتىش كۈچى چىقىرىدۇ. چۈنكى بۇ بەل قىسمىدىكى مۇسكۇل بىلەن ئومۇرتقا سۆڭىكى ئارىسىدا شەكىللەنگەن پىشاڭمۇ كۈچ تېجەيدىغان بىر پىشاڭ. شۇڭا بىلىكىمىزنى ئېگىپ بىر نەرسىنى كۆتۈرگەندە، مۇسكۇلىمىزنىڭ تارتىلىپ زەخىملىنىشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن، توغرا قىياپەت بىلەن ئېغىر نەرسىنى بەدىنىمىزگە يېقىنراق تۇتۇشىمىز كېرەك.

**تەرجىمە قىلغۇچى: دىلنۇر ئېزىز**
**مۇھەررىر: جۇرئەت ھەبىبۇل**

# گېن: ھاياتلىقنىڭ شىفىرى

كونىلاردا «نېمە تېرىساڭ شۇنى ئالارسەن» دېيىدىغان گەپ بار. بۇنىڭ سەۋەبى نېمە؟ ئىنسانلارنىڭ ھۈجەيرە يادروسىدىكى ھەربىر جۈپ خروموسومىدا نۇرغۇن ئىرسىيەت ئامىللىرى يەنى گېن بولىدۇ. گېن بىر ئادەمنىڭ بوي ئېگىزلىكى، چىرايى، تېرىسىنىڭ رەڭگىنى بەلگىلەيدۇ. ئادەم بەدىنىدىكى ھۈجەيرىلەردە پەقەت 23 جۈپ خروموسوم بولسىمۇ، ئەمما خروموسومىدىكى گېننىڭ سانى 60 مىڭدىن ئاشىدۇ، ھەربىر گېن مەلۇم ئالاھىدە ھالەتنى كونترول قىلىپ تۇرىدۇ.

## ئىرسىيەت ئۇچۇرلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان خروموسوما

گېن ھۈجەيرىلەرگە قالايمىقان تارقالغان بولماستىن، بەلكى ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى ھۈجەيرە يادروسى ئىچىدىكى خروموسومىغا قانۇنىيەتلىك توپلانغان بولىدۇ.

خروموسوما ھۈجەيرە يادروسى ئىچىدىكى ئىنچىكە يىپسىمان ماددا بولۇپ، ئىشقارلىق بوياقنىڭ تەسىرىدە ئاسانلا رەڭگە كىرىدۇ. شۇڭا ئۇ بويالغۇچى تەنچە دەپمۇ ئاتىلىدۇ. ئادەم بەدىنىدىكى زور كۆپ قىسىم ئىرسىيەت ئۇچۇرلىرىنىڭ ھەممىسى خروموسومىدا بولىدۇ. ئادەم تېنىدىكى ھۈجەيرىلەردە 23 جۈپ خروموسوما بولۇپ، 22 جۈپ دائىمىي خروموسوما ۋە بىر جۈپ جىنسىي خروموسومىدىن تەركىب تاپقان بولىدۇ. جىنسىي خروموسوما ئادەمنىڭ جىنسىنى بەلگىلەيدۇ، دائىمىي خروموسوما ئادەمنىڭ تېنىنىڭ زور كۆپ قىسىم ئىرسىيەت ئالاھىدىلىكلىرىنى كونترول قىلىپ تۇرىدۇ. ئادەم تېنىدىكى جىنسىي ھۈجەيرە، سپېرما ۋە تۇخۇم ھۈجەيرىسىدىكى خروموسومىنىڭ سانى تەن ھۈجەيرە سانىنىڭ يېرىمىغا توغرا كېلىدۇ، ئۇرۇقلانغان ۋاقىتتا خروموسومىنىڭ سانى ھەسسىلەپ كۆپىيىپ، ئەجداد ۋە ئەۋلادنىڭ ئىرسىيەت ھالىتىنىڭ تۇراقلىق بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىدۇ.

## DNA

DNA جانلىقلارنىڭ ئىرسىيەت ماددىسى شۇنداقلا خروموسومىنى تەشكىللىگۈچى ئاساسلىق تەركىب. ئاتا - ئانىنىڭ ھۈجەيرىسىدىكى ئىرسىيەت ماددىسىنى پەرزەنتكە يەتكۈزۈپ بېرەلىشىدىكى سەۋەب، ئۇرۇقلانغان تۇخۇم ھۈجەيرىسى پارچىلانغاندا، ئىرسىيەت رولىنى ئوينايدىغان DNA ئۈزلۈكسىز كۆپىيىپ، پۈتۈنلەي ئوخشاش بولغان ئىككى گۇرۇپپا DNA ئىرسىيەت شىفىرىنى ھاسىل قىلىدۇ.

## ئىرسىيەت ۋە ئۆزگىرىش

«نېمىنى تېرىساڭ شۇنى ئالارسەن» دېگەندەك، ئىرسىيەت ھادىسە جەھەتتىن قارىغاندا ئاتا - ئانا بىلەن پەرزەنت ئوتتۇرىسىدىكى ئوخشاپ كېتىدىغان تەرەپلەردە ئىپادىلىنىدۇ. ئاتا - ئانا ئۆزلىرىدىكى ئىرسىيەت ماددىسى بولغان DNA نى ئەۋلادلىرىغا يەتكۈزۈپ بېرىدۇ، ئىرسىيەت ماددىسى جانلىقلار تەرەققىياتىدا ئەۋلادتىن ئەۋلادقا داۋام قىلىپ، كېيىنكى ئەۋلادلاردا ئالدىنقىلارغا ئوخشاپ كېتىدىغان ھالەتلەر شەكىللىنىدۇ، مانا بۇ ھاياتلىقنىڭ ئەۋلادمۇ ئەۋلاد داۋاملىشىشىدىكى سەۋەب.

ماقال - تەمسىلدىكى «بىر پەلەكتىن مىڭ خەمەك» دېيىلگىنىدەك، ئەجدادلار بىلەن ئەۋلادلار ئارىسىدا ھەم ئەۋلادلار ئارا مۇتلەق ئوخشاشلىق بولۇش مۇمكىن ئەمەس. دېمەك، ئاتا - ئانا بىلەن پەرزەنتلىرى ئوتتۇرىسىدا، ئاكا - ئۇكا، ئاچا - سىڭىللار ئوتتۇرىسىدا ئازدۇر - كۆپتۇر پەرقلەر بولىدۇ، بۇنداق ئەھۋال ئۆزگىرىش دېيىلىدۇ.

ئىرسىيەت ئاتا - ئانا بىلەن پەرزەنت ئوتتۇرىسىدىكى ئوخشاشلىقنى، ئۆزگىرىش ئاتا - ئانا بىلەن پەرزەنت ئوتتۇرىسىدىكى پەرقنى كۆرسىتىدۇ. جانلىقلاردىكى ئىرسىيەت ۋە پەرق كۆپىيىش ۋە يېتىلىش ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشىدۇ.

**تەرجىمە قىلغۇچى: دىلنۇر ئېزىز**

**مۇھەررىر: جۈرئەت ھەبىبۇل**

# سىستېما: ئەزالارنىڭ بىرلەشمە گەۋدىسى

ئادەمنىڭ ھەربىر ھاياتلىق پائالىيىتى ئاددىي بىرلا ئەزا بىلەن تاماملانمايدۇ، ئەڭ ئاددىي ھەرىكەتمۇ، بىرنەچچە خىل ئەزانىڭ ئۆزئارا ھەمكارلىقىغا تايىنىپ ئەمەلگە ئاشىدۇ. بۇ ئەزالار بىرلىشىپ ئادەم تېنىنىڭ سىستېمىسىنى تەشكىل قىلىدۇ. ئادەم تېنىدە جەمئىي سەككىز چوڭ سىستېما بار: ئۇلار ھەرىكەت سىستېمىسى، نېرۋا سىستېمىسى، ئىچكى ئاجراتما سىستېمىسى، ئايلىنىش سىستېمىسى، نەپەسلىنىش سىستېمىسى، ھەزىم قىلىش سىستېمىسى، سۈيدۈك ئاجرىتىپ چىقىرىش سىستېمىسى، كۆپىيىش سىستېمىسىدىن ئىبارەت.

### ھەرىكەت سىستېمىسى

ھەرىكەت سىستېمىسى سۆڭەك، بوغۇم ۋە سۆڭەك مۇسكۇلىدىن تەركىب تاپقان بولۇپ، قۇرامىغا يەتكەن ئادەم ئېغىرلىقىنىڭ 60% تىنى ئىگىلەيدۇ. پۈتۈن بەدەندىكى سۆڭەك بوغۇملىرى تۇتۇشۇپ سۆڭەك قۇرۇلمىسىنى شەكىللەندۇرۇپ، بەدەن ئېغىرلىقىنى كۆتۈرۈش، ئىچكى ئەزالارنى قوغداش ۋە ئادەم تېنىنىڭ ئاساسىي ھالىتىنى ساقلاش رولىنى ئوينايدۇ.

### نېرۋا سىستېمىسى

نېرۋا سىستېمىسى مېڭە، يۇلۇن، نېرۋا ۋە ھەرخىل نېرۋا تۈگۈنلىرىدىن تەركىب تاپىدۇ. ئۇ بەدەندىكى ھەرقايسى ئەزالار، ھەرقايسى سىستېمىلارنىڭ ھەرىكىتىنى تەڭشەپ، بىر ئومۇمىي گەۋدىگە ئىگە قىلىدۇ ھەمدە تاشقى مۇھىت بىلەن ئۆزئارا تەسىر كۆرسىتىدۇ، بۇ ئارقىلىق ئادەم تېنى تاشقى غىدىقلىنىشقا ناھايىتى ياخشى ئىنكاس قايتۇرىدۇ ھەمدە ئۆگىنىش ۋە تەپەككۇر قىلىش قاتارلىق مۇھىم پائالىيەتلەرنى تاماملىيالايدۇ.

### ئايلىنىش سىستېمىسى

ئايلىنىش سىستېمىسى ئارتېرىيە، ۋېنا ۋە قان تومۇرلاردىن تەركىب تاپىدۇ، ئۇ جانلىقلار تېنىدىكى توشۇغۇچى سىستېما، ئۇ ئوزۇقلۇق ماددا ۋە ئوكسىگېننى ھەرقايسى توقۇلما ئەزالارغا يەتكۈزۈپ بېرىدۇ ھەمدە ھەرقايسى توقۇلما ئەزالارنىڭ مېتابولىزم مەھسۇلاتلىرىنى ئوخشاش يول بىلەن قانغا يەتكۈزۈپ، ئۆپكە، بۆرەك ئارقىلىق بەدەن سىرتىغا چىقىرىپ تاشلايدۇ.

### نەپەسلىنىش سىستېمىسى

نەپەسلىنىش سىستېمىسى نەپەسلىنىش يولى (بۇرۇن بوشلۇقى، كېكىردەك، بوغۇز، كاناي، كانايچە) ۋە ئۆپكىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، ئۇ ئادەم تېنىنىڭ تاشقى مۇھىت بىلەن ھاۋا ئالماشتۇرۇشىغا ياردەم بېرىدۇ، بۇ ئارقىلىق ئادەم تېنى يېڭى ئوكسىگېنغا ئېرىشىدۇ.

### ھەزىم قىلىش سىستېمىسى

ھەزىم قىلىش سىستېمىسى ئادەم تېنىدىكى ئوزۇقلۇقنى ئېنېرگىيەگە ئايلاندۇرىدىغان مۇھىم سىستېما. ھەزىم قىلىش سىستېمىسى: ئېغىز بوشلۇقى، قىزىلئۆڭگەچ، ئاشقازان، ئىنچىكە ئۈچەي، چوڭ ئۈچەي، مەقئەت قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، بۇ ھەزىم قىلىش ئەزالىرى ماس ھالدا خىزمەت قىلىپ، يېمەكلىكنى ھەزىم قىلىش ۋە ئوزۇقلۇق ماددىلارنى سۈمۈرۈش ۋەزىپىسىنى ئورتاق تاماملايدۇ.

### ئىچكى ئاجراتما سىستېمىسى

ئىچكى ئاجراتما سىستېمىسى بۆرەك، سۈيدۈك توشۇش نەيچىسى، دوۋسۇن ۋە سۈيدۈك يولىدىن تەركىب تاپىدۇ. ئاساسلىق ئىقتىدارى ئادەم تېنىدە مېتابولىزم جەريانىدا ھاسىل بولغان ھەرخىل زىيانلىق ماددىلارنى ھەمدە ئارتۇق سۇ ۋە ئانئورگانىك

# ئادەم بەدىنىنى چۈشىنەمسىز

ئادەم ھەر كۈنى تەخمىنەن 26 مىڭ قېتىم نەپەسلىنىدۇ، ئادەم قول بارمىقىنىڭ ھەر كۋادرات سانتىمېتىر تېرە يۈزىدە 2500 گە يېقىن سەزگۈ نېرۋون بولىدۇ... ئادەم بەدىنىگە سانسىز سىرلار يوشۇرۇنغان بولۇپ، ئالىملارنىڭ ئادەم بەدىنىنى چۈشىنىشىگە نەچچە ئەسىر كەتكەن، كېيىن رادىئوئاكتىپ نۇر تېخنىكىسى ۋە رېنتگېندە ئۆزۈك قاتلاملىق تەسۋىر چۈشۈرۈش تېخنىكىسىنىڭ كەشپ قىلىنىشى بىلەن، ئادەم بەدىنىنىڭ قۇرۇلمىسىغا نىسبەتەن تېخىمۇ چوڭقۇر چۈشەنچىگە ئىگە بولغان.

### ئادەم بەدىنىنىڭ مۇرەككەپ تۈزۈلۈشى

ئادەم بەدىنى تۈزۈلۈش جەھەتتىن ئېيتقاندا، ئاساسلىقى باش، بويۇن، گەۋدە ۋە قول - پۇتتىن تەركىب تاپىدۇ، بەدەن سىرتىنى تېرە قاپلاپ تۇرىدۇ، تېرىنىڭ ئىچىدە، سۆڭەك، مۇسكۇل ۋە ئەزالار بولىدۇ. ئادەمنىڭ باش قىسمى ئاساسلىقى مېڭە ۋە بەش ئەزانى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. باشنىڭ ئاستىدا بويۇن بار بولۇپ، ئۇ ئادەمنىڭ بېشى بىلەن گەۋدىسىنى تۇتاشتۇرۇپ تۇرىدۇ. گەۋدىنىڭ ئۈستۈنكى قىسمىنىڭ ئالدى تەرىپى كۆكرەك، ئارقا تەرىپى دۈمبە بولۇپ، ئوتتۇرىسى كۆكرەك بوشلۇقىدىن ئىبارەت. كۆكرەك بوشلۇقىدا يۈرەك، ئۆپكە قاتارلىق مۇھىم ئەزالار بار. گەۋدىنىڭ تۆۋەنكى قىسمىنىڭ ئالدى قورساق، ئارقا تەرىپى بەل، ئوتتۇرىسى قورساق بوشلۇقىدىن ئىبارەت. قورساق بوشلۇقىدا ئاشقازان، ئۈچەي، تال قاتارلىق ئەزالار بار. گەۋدە بىلەن يۇقىرى تۆۋەن مۈچىلەر تۇتۇشۇپ تۇرىدۇ، يۇقىرىقى مۈچە مۈرە، يۇقارقى بىلەك، جەينەك، تۆۋەنكى بىلەك، بېغىش، قول قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ؛ تۆۋەنكى مۈچە، داس سۆڭەك، يوتا، تىز، پاچاق، ئوشۇق، پۇت قاتارلىق قىسىملاردىن

---

تۈزنى بەدەن سىرتىغا چىقىرىپ تاشلايدۇ.

### كۆپىيىش سىستېمىسى

ئادەم تېنىنىڭ كۆپىيىش سىستېمىسى ئەرلىك ۋە ئاياللىقتىن ئىبارەت ئىككى تۈرگە بۆلۈنىدۇ. ئەرلىك كۆپىيىش سىستېمىسى ئۇرۇقدان، زەكەر، ئۇرۇقدان خالتىسىدىن ئىبارەت ئەزالارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، ئاياللىق كۆپىيىش سىستېمىسى، تۇخۇم توشۇش نەيچىسى، بالىياتقۇ، بالىياتقۇ بويىنى، جىنسىي يول قاتارلىق ئەزالاردىن تەركىب تاپىدۇ. كۆپىيىش ئەزالىرىنىڭ فۇنكسىيەسى كۆپىيىش ھۈجەيرىلىرىنى ئىشلەپچىقىرىش، يېڭى يەككە تەنچە ھاسىل قىلىش، جىنسىي ھورمون ئاجرىتىپ چىقىرىش ۋە قوشۇمچە جىنسىي ئالامەتنى ساقلاپ قېلىشتىن ئىبارەت.

**تەرجىمە قىلغۇچى: دىلنۇر ئېزىز**

**مۇھەررىرى: جۈرئەت ھەبىبۇل**

www.uyghurkitap.com



تەركىب تاپىدۇ.

بىيوخىمىيە جەھەتتىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ئادەم تېنى ئورگانىك ۋە ئانورگانىك ماددىلاردىن تەركىب تاپقان بولىدۇ. ئانورگانىك ماددىلار ناترىي، كالىي، فوسفور ۋە سۇ قاتارلىقلارنى؛ ئورگانىك ماددىلار ئاساسلىقى قەنت، ياغ تۈرىدىكىلەر، ئاقسىل ۋە يادرو كىسلاتاسى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئادەم تېنىدىكى ئورگانىك ۋە ئانورگانىك ماددىلار ھۇجەيرىنى شەكىللەندۈرىدۇ، ھۇجەيرە بىلەن ھۇجەيرە ئارىلىق ماددىلىرى توقۇلمىلارنى ھاسىل قىلىدۇ، توقۇلمىلار ئەزالارنى، ئەزالار سىستېمىلارنى شەكىللەندۈرىدۇ. ھەر قايسى سىستېمىلار ئۆزئارا ماسلاشقان ھالدا مۇكەممەل ئادەم تېنىنى ھاسىل قىلىدۇ.

## ئادەم بەدىنىنىڭ قېرىشى

ھاياتلىق توختاۋسىز ھەرىكەت جەريانى شۇنداقلا ئۈزلۈكسىز خوراش جەريانىدۇر. ھاياتلىق بارلىققا كەلگەندىن باشلاپ، تەدرىجىي ئۆسۈپ يېتىلىدۇ، بۇ ھاياتلىقنىڭ يەنە بىر ئاخىرقى نۇقتىغا يەنى قېرىش ۋە ئۆلۈشكە قاراپ مېڭىۋاتقانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ. بۇ ئۆزگەرمەس تەبىئىي قانۇنىيەت شۇنداقلا قېچىپ قۇتۇلغىلى بولمايدىغان ئوبيېكتىپ رېئاللىق.

ئۇنداقتا ئادەم تېنىدىكى ھەرقايسى توقۇلمىلار، ئەزالارنىڭ قېرىشى قاچاندىن باشلىنىدۇ؟ ئەنگلىيەلىك تەتقىقاتچىلارنىڭ كۆرسىتىشىچە: ئادەمنىڭ چوڭ مېڭىسىنىڭ ئىقتىدارى 20 ياشتىن باشلاپ تەدرىجىي چېكىنىشكە باشلايدىكەن، 40 ياشقا كەلگەندە، نېرۋا ھۇجەيرىلىرىنىڭ سانى ھەر كۈنى ئون مىڭدىن كېمىيىپ بارىدىكەن، بۇ ئەستە تۇتۇش ئىقتىدارى ۋە ماسلىشىش ئىقتىدارىغا تەسىر كۆرسىتىدىكەن؛ ئۆپكىنىڭ سىغىمچانلىقى 20 ياشتىن باشلاپ تەدرىجىي تۆۋەنلەپ، 40 ياشقا كەلگەندە بەزى كىشىلەردە ھاسىرايدىغان ئالامەتلەر كۆرۈلىدىكەن؛ تېرە تەخمىنەن 25 ياشتىن تارتىپ تەبىئىي قېرىشقا باشلاپ، ئىنچىكە قورۇقلار ۋە پۈرۈلمىلەر پەيدا بولۇشقا باشلايدىكەن؛ 35 ياشتىن باشلاپ سۆڭەك قېرىش باسقۇچىغا كىرىپ، سۆڭەكنىڭ چوڭ-كىچىكلىكى ۋە زىچلىقىنىڭ كىچىكلەپ كېتىشى سەۋەبلىك بوي ئېگىزلىكى پاكارلايدىكەن؛ ئاياللار 35 ياشقا كىرگەندە ئەمچەك توقۇلمىلىرى ۋە ياغنىڭ قىسقىراپ كېمىيىپ كېتىشى سەۋەبلىك، ئەمچەكنىڭ چوڭ-كىچىكلىكى ۋە تولۇش دەرىجىسى تۆۋەنلەپ كېتىدىكەن؛ 40 ياشتىن باشلاپ يۈرەكنىڭ پۈتكۈل بەدەنگە قان يەتكۈزۈپ بېرىش ئۈنۈمى زور دەرىجىدە تۆۋەنلەپ، چىشمۇ قېرىشقا باشلايدىكەن. بۆرەكنىڭ سۈزۈش مىقدارى 50 ياشتىن باشلاپ ئازىيىشقا باشلايدىكەن، بۇنىڭ نەتىجىسىدە ئادەم كېچىدە سۈيدۈك قىستاش ئىقتىدارىدىن مەھرۇم قېلىپ، كۆپ قېتىم ھاجەتخانىغا چىقىشقا توغرا كېلىدىكەن؛ يېشىمىزنىڭ چوڭىيىشىغا ئەگىشىپ، 55 ياشقا كىرگەندە، ئاشقازان، جىگەر، ئاشقازان ئاستى بېزى، ئىنچىكە ئۈچەينىڭ ھەزىم قىلىش ئىقتىدارى تۆۋەنلەشكە باشلاپ، قەۋزىيەت بولۇش نىسبىتى زور دەرىجىدە ئاشىدىكەن. تېنىمىزدە قېرىش مۇساپىسى بىلەن رىقابەتلىشەلەيدىغان بىردىنبىر ئەزا جىگەر بولۇپ، جىگەر ھۇجەيرىلىرىنىڭ قايتا ھاسىل بولۇش ئىقتىدارى ئىنتايىن كۈچلۈك بولىدىكەن. ئادەتتە ئادەم 70 ياشقا كىرگەندە ئاندىن قېرىشقا باشلايدۇ. ئەگەر ئادەم ھاراق ئىچمىگەن، تاماكا چەكمىگەن، يۇقۇملۇق كېسەللىككە گىرىپتار بولۇپ باقمىغانلا بولسا، ئۇنداقتا 70 ياشلىق ئادەمنىڭ ئىئانە قىلغان جىگىرىنى 20 ياشلىق ئادەمنىڭكىگە كۆچۈرگىلى بولىدىكەن.

**تەرجىمە قىلغۇچى: دىلنۇر ئىزىز**

**مۇھەررىر: جۈرئەت ھەبىبۇل**

# تۇرمۇشنىڭ كەلگۈسىدىكى ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچنى ئۆزگەرتىش

بىر دادىل پەرەز، بىر قەيسەرلىك بىلەن سىناپ كۆرۈش ھەمىشە كەلگۈسى دۇنيانى ئۆزگەرتىدۇ... دۇنيانى ئۆزگەرتىش جەريانىدا، ئۇلارنىڭ ھەممىسى يېتەرلىك تەسىر كۆرسەتكۈچ ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچنى ھازىرلىغان بولۇپ، بىزنىڭ ئۆزىمىزگە بولغان تونۇشىمىزنى دائىملىق ئۆزگەرتەلەيدۇ ھەم تۇرمۇش ئۇسۇلىمىزنى ئاغدۇرالايدۇ. تۆۋەندىكى 20 تۈرلۈك دۇنيانى ئۆزگەرتىدىغان كەلگۈسىدىكى ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچ پەقەت پۈتۈن يەر شارى پەن-تېخنىكىسى ۋە مەبلەغ سېلىش كارخانا ساھەسى ئورتاق ئۈمىد باغلىغان تۈر بولۇپلا قالماي يەنە ھەرقايسى دۆلەتلەرنىڭ بەس-بەس بىلەن تەتقىق قىلىپ كەشىپ قىلىۋاتقان پات ئارىدا دۇنيانى ئۆزگەرتىدىغان يېڭى تېخنىكىدۇر.

### ھولوگرافىلىق كۆزئەينەك

رېئاللىشىش ۋاقتى: 2020-يىلدىن بۇرۇن

«ھولوگرافىلىق كۆزئەينەك» نىڭ يادروسى بولسا ھولوگرافىلىق تەسۋىر بولۇپ، ئۇ ياشاش بوشلۇقىنى كومپيۇتېر تېگىشىش يۈزىگە ئايلاندۇرالايدىكەن. ئامېرىكا ئاۋىياتسىيە ئالەم قاتنىشى ئىدارىسى ھەمدە ياپونىيە ئاۋىياتسىيەسى قاتارلىق شىركەتلەر ھازىر دەل بۇ خىل مەھسۇلاتنىڭ APP نى ئېچىۋاتقان بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە كۆپىنچىلىرى سىناق باسقۇچىغا كىرىپ بولغانىكەن.

### سۈنئىي ئەقلىي ئىقتىدارلىق ياردەمچى

رېئاللىشىش ۋاقتى: 2025-يىلدىن بۇرۇن

ئالما يانفونىنىڭ ئاۋاز بىلەن كونترول قىلىنىدىغان يۇمشاق دېتالى، مىكرو سوفىت ئاچقان سۈنئىي ئەقلىي ئىقتىدارلىق ياردەمچى cortanna ۋە گوگىل تەتقىق قىلىپ ياسىغان ئاۋازلىق ياردەمچى GooleNOW قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى ھازىر بۇ رولنى ئويناۋاتقان بولسىمۇ، لېكىن كەلگۈسىدە بۇ خىل مۇلازىمەتلەر تېخىمۇ ئەقلىي ئىقتىدارلىق، ئىقتىدارى ۋە يۆتكىلىشچانلىقى تېخىمۇ كۈچلۈك بولىدىكەن.

### ئائىلىلەردىكى مىكرو ئېلېكترونلۇق زاۋۇت

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



رېئاللىشىش ۋاقتى: 2025 - يىلدىن بۇرۇن

ئائىلىلەردىكى مىكرو ئېلېكترونلۇق زاۋۇت ئەمەلىيەتتە بولسا 3D پرىنتېر تېخنىكىسىنىڭ دەرىجىدىن تاشقىرى ئەقلىي ئىقتىدارلىق مىكرو كومپيۇتېرنى قوللانغانىكەن. بۇ خىل قۇرۇلما كەلگۈسىدە ئادەملەر DIY جەھەتتىكى چەكسىز ئىنتىلىشىنى ئىپادىلىگەنىكەن.

## ماگنىتلىق سوغۇتقۇچ

رېئاللىشىش ۋاقتى: 2025 - يىلدىن بۇرۇن

ئامېرىكىلىق ماتېرىيال مۇتەخەسسىسى بىر خىل ئالاھىدە قېتىشما مېتالنى تاسادىپىي بايقاپ قالغان بولۇپ، ئۆي تېمپېراتۇرىسىدا زور ماگنىتلىق توڭلىتىش ئېففېكتىنى ئىپادىلىيەلەيدىكەن. بۇ يېڭى تېخنىكا 85% تىن كۆپ ئائىلە ئېلېكتر سايمانلىرىنىڭ مۇزلىتىش ئېنېرگىيە سەرپىياتىنى تۆۋەنلىتىدىكەن.

## دولقۇن — روتورلۇق موتور

رېئاللىشىش ۋاقتى: 2025 - يىلدىن بۇرۇن

ئامېرىكا بۇ خىل پورشېن ئىشلەتمەيدىغان ماتورنى تەتقىق قىلىپ ياساۋاتقانىكەن. ئۇ پورشېن، شاتۇن ۋە سىلىندىرنى ئىشلەتمەي تۇرۇپمۇ ئاپتوموبىلنىڭ سەرپىياتىنى 80% چۈشۈرەلەيدىكەن.

## VR ئادەتتىن تاشقىرى تېرمىنال

رېئاللىشىش ۋاقتى: 2030 - يىلدىن بۇرۇن

مەۋھۇم رېئاللىق بەلكىم كەلگۈسى 20 يىلدا ئەڭ مۇھىم بولغان «كېيىنمە ئۈسكۈنە» بولۇشى مۇمكىن. ئۇ ئەقلىي ئىقتىدارلىق تېلېفوندىن ھالقىپ، ئىنسانلارنىڭ كېلەركى ئادەتتىن تاشقىرى تېرمىنالى بولۇپ قالىدىكەن.

## ئۇچۇر كۆزى

رېئاللىشىش ۋاقتى: 2030 - يىلدىن بۇرۇن

كۆز ئىز قوغلاش تېخنىكىسى ئادەملەرنى يۇقىرى سۈرئەتتە ئىز قوغلايدىغان قاراش ئورنى بولۇپ، كۆز ئالمىسىنىڭ يۆتكىلىشىگە ئاساسەن سىزنىڭ مەقسىتىڭىزنى چۈشىنىپ، كومپيۇتېرىڭىزغا ناھايىتى تەبىئىي بولغان بىر ئابونت كۆرۈنمە يۈزىنى تەمىنلەيدىكەن.

## تور يوشۇرۇن كۆزئەينەك

رېئاللىشىش ۋاقتى: 2030 - يىلدىن بۇرۇن

بۇ خىل يوشۇرۇن كۆزئەينەكتە LED توپلىمى ئورۇنلاشتۇرۇلغان بولۇپ، تاقىغۇچىنىڭ كۆز ئالدىدا ھەرخىل سۈرەتلەرنى شەكىللەندۈرىدىكەن، بۇنىڭ بىلەن ئىنتېرنېت تورىدىكى ھەرخىل ئېھتىياجلىق بولغان ئۇچۇرلارنى كۆرگىلى بولىدىكەن.

## كۋانت يورۇقلۇق باتارېيە

رېئاللىشىش ۋاقتى: 2030 - يىلدىن بۇرۇن

يېرىم ئۆتكۈزگۈچ كرىستال (كۋانت نۇقتىسى)نىڭ قۇياش ئېنېرگىيەسىنى ئۆزگەرتىش نەزەرىيەدە 60% تىن يۇقىرى بولۇپ، بۇ تەننەرخى تۆۋەن بولغان توك ھاسىل قىلىش ئۈسكۈنىسىنى كەشىپ قىلىشقا ئۈمىد ئېلىپ كەلدى.

## ئادەم ئورگانىزمىنى بىيولوگىيەلىك بېسىش

رېئاللىشىش ۋاقتى: 2035 - يىلدىن بۇرۇن

ئالاھىدە بېسىش تېخنىكىسىدىن پايدىلىنىپ، جانلىقلار ھۈجەيرىسى، ئۆستۈرگۈچى ھورمون، ئۇيۇشچان ماددىنى ئۈچ ئۆلچەملىك بولغان بىيوتىرىك توقۇلما قىلىپ ياسىيالايدۇ. ھازىر بۇ تەتقىقات تۈرى بەلگىلىك تەرەققىياتقا ئېرىشتى.

## سۈيۈق قۇياش ئېنېرگىيەلىك يېقىلغۇ

رېئاللىشىش ۋاقتى: 2045 - يىلدىن بۇرۇن

ئامېرىكىلىق ئالىملار مېكسىكا ئىشتاتىدىكى قۇملۇقتا دىئامېتىرى ئالتە مېتىر كېلىدىغان دىسكا شەكىللىك ئەينەك يۈزىنى ئورناتقان بولۇپ، قۇياش نۇرىنى ئايلىنىدىغان ئوقداش ھالقا ئۈستىگە يىغىپ، سۈيۈق قۇياش ئېنېرگىيەلىك يېقىلغۇنى ئىشلەپچىقىرىدىكەن.

## شەكىل ئۆزگەرتەلەيدىغان ئۆزەك

رېئاللىشىش ۋاقتى: 2040 - يىلدىن بۇرۇن

بۇ خىل نانومېتىرلىق ئۆزەك ئېلېكتر زەرىتى بىرىكىش ئۇسۇلىنىڭ ئوخشىماسلىقىغا ئاساسەن

سىرتقى شەكلى چوڭ - كىچىك بولغان شەكىللەرنى پەيدا قىلالايدىكەن. ئەگەر يانفونغا بۇ خىل شەكىل ئۆزگەرتەلەيدىغان ئۆزەك ئورۇنلاشتۇرۇلسا، ھەر ۋاقىت ئۇنى ئېرىشمەكچى بولغان شەكىلگە ئۆزگەرتكىلى بولىدىكەن.

**يۇقۇملۇق كېسەلدىن ئەقلىي ئىقتىدارلىق ئالدىن مەلۇمات بېرىش**

رېئاللىشىش ۋاقتى: 2035 - يىلدىن بۇرۇن

سانلىق مەلۇماتنى بىرتەرەپ قىلىدىغان بۇ خىل سىستېما ۋىرۇس ئۇچۇرىنى ئۇنىۋېرساللاشتۇرغاندىن كېيىن، «يۇقۇملۇق كېسەلدىن ئەقلىي ئىقتىدارلىق ئالدىن مەلۇمات بېرىش» قىلىپ تەييارلايدۇ. ئۇ قارىماققا ھاۋارايىدىن ئالدىن مەلۇمات بېرىدىغان مەملىكەتلىك مېتېئورولوگىيەلىك سۈنئىي ھەمراھ بۇلۇت خەرىتىسىگە ئوخشايدۇ.

**لىتىي — ھاۋا باتارېيەسى**

رېئاللىشىش ۋاقتى: 2035 - يىلدىن بۇرۇن

لىتىي — ھاۋا باتارېيەسىنىڭ خوسۇسىيىتى لىتىي ئىئونلۇق باتارېيەنىڭ ئون ھەسسىسىگە باراۋەر بولۇپ، تەمىنلەيدىغان ئېنېرگىيە ۋە بېنزىن تەڭداش بولىدۇ. ئۇ ھاۋادىن ئوكسىگېن سۈمۈرۈپ زەرەتلىنىدىغان بولغاچقا، ھەجمى كىچىك، ئېلىپ يۈرۈشكە تېخىمۇ ئەپلىك.

**ئەقلىي ئىقتىدارلىق ئاپتوموبىل**

رېئاللىشىش ۋاقتى: 2045 - يىلدىن بۇرۇن

كەلگۈسىدىكى ئاپتوموبىللار ئۆزلۈكىدىن ئىندۇكسىيەلىنەلەيدىكەن ھەم ۋاقتىدا خەتەرلىك ھادىسىلەرنى بىرتەرەپ قىلالايدىكەن. ئۇلارغا سەپلەنگەن ئادەتتىن تاشقىرى ئەقلىي ئىقتىدارلىق قۇرۇلما ئىلغار بولغان ئېلېكترونلۇق تەڭشىگۈچ ھەممىدە مىكرو بىرتەرەپ قىلغۇچتىن تەركىب تاپقان.

**ئىنسانلارنىڭ ئۆمرىنى ئۇزارتىش**

رېئاللىشىش ۋاقتى: 2050 - يىلدىن بۇرۇن

ئالىملار ھازىر ئىرسىيەتشۇناسلىق ۋە مولېكۇلا ئىلمى نۇقتىسىدىن ھۈجەيرىنىڭ قېرىش جەريانىنى رەتلەپ تەھلىل قىلالايدىغان بولغان. قېرىشنىڭ تېز - ئاستىلىقىغا تەسىر كۆرسىتىدىغان كۆپلىگەن گېنلارمۇ ئاللىبۇرۇن بايقالغان.

**ئالەم بوشلۇقى فوتو ئېلېكترىكى**

رېئاللىشىش ۋاقتى: 2060 - يىلدىن بۇرۇن

ئەگەر بىز غايەت زور بولغان قۇياش ئېنېرگىيەسى باتارېيە تاختىسىنى يەر شارىنى چۆرىدەپ تۇرغان ئوربىتىسىغا ئورنىتالىساق ئۆزلۈكسىز ئېلېكتىر كۈچىنى يەر شارىنىڭ ھەرقانداق يېرىگە تەمىنلەپ بېرەلەيتتۇق.

**پىلانېتلار ئارا ئۆزەك ئالەم كېمىسى**

رېئاللىشىش ۋاقتى: 2070 - يىلدىن بۇرۇن

يۇپىتېر ئەتراپىغا بىر قېتىمدا نەچچە مىليون ئۆزەكنى قويۇپ بەرگەندە، يۇپىتېر ئەتراپىدىكى كۈچلۈك ماگنىت مەيدانى ئۇلارنى ھەر سېكۇنتىغا نەچچە ئون مىڭ كىلومېتىر تېزلىتەلەيدىكەن.

**ئادەم - كومپيۇتېر بىرلەشمە گەۋدىسى**

رېئاللىشىش ۋاقتى: 2100 - يىلدىن بۇرۇن

كەلگۈسىدە ئىنسانلار تەقلىدىي مەنادىكى ئادەم - كومپيۇتېر بىلەن ئورتاق ياشاش دەۋرىگە قەدەم قويىدىكەن. بۇ كۈندىلىك تۇرمۇشتا ئەقلىي ئىقتىدارلىق ماشىنا ئادەمنى تولدۇرۇپلا قالماي، ئۆزى بىلەن ئۇلارنى پەرقلەندۈرۈشكىمۇ ئامالسىز قالىدىكەن.

**ئالەم بوشلۇقى لىفتى**

رېئاللىشىش ۋاقتى: 2080 - يىلدىن بۇرۇن

ئالەم بوشلۇقى لىفتىنىڭ ئادەم توشۇش بۆلۈمى نەچچە ئون مىليون مېتىرلىق كابېلدا يۆتكىلەلەيدىكەن. ئالىملار ئالەم بوشلۇقى لىفتىنى تىرەپ تۇرالايدىغان ئادەتتىن تاشقىرى كۈچلۈك كاربونلۇق نانومېتىر كابېلنى ياساپ چىقالايدىغانلىقىنى ئىسپاتلىغان.

**تەرجىمە قىلغۇچى: مۇنەۋۋەر ئېزىز**

**مۇھەررىر: جۈرئەت ھەبىبۇل**

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى



# ئۈزگىچە يان تېلېفون باتارېيەلىرى

بىرىنچى ئەۋلاد iphone 2007 - يىلى دۇنياغا كەلگەندىن بۇيان، نۇرغۇنلىغان «مودا ئېقىم» كەشىلىرىنىڭ قوللىشىغا ئېرىشتى، ئاز بولمىغان كىشىلەر بۇ يېڭى ئەۋلاد يان تېلېفوننى ئىشلىتىپ بېقىشنى ئىنتىزارلىق بىلەن كۈتتى. بۇ يېڭى ئەۋلاد يان تېلېفوننى كۈتۈش بىلەن تەڭ، يەنە نۇرغۇن كىشىلەر بۇ iphone نىڭ باتارېيەسىگە بەكرەك كۆڭۈل بۆلدى. نۆۋەتتىكى مەلۇم بولغان سانلىق مەلۇماتلاردىن قارىغاندا، يېڭى يان تېلېفوننىڭ ئېكرانىدا ئۆزگىرىش بولغان، يان تېلېفوننىڭ توك خورىتىشى شۇنىڭغا ئەگىشىپ يۇقىرىلىغان، لېكىن باتارېيەنىڭ سىغىمىدا روشەن يۇقىرىلاش بولمىغان. شۇنىڭ بىلەن، كىشىلەر ئۇنىڭ باتارېيە ئىقتىدارىدىن ئەنسىرەشكە باشلىغان، يان تېلېفوننىڭ سېتىلىش كۆلىمىنىڭ يېقىنلىشىشىغا ئەگىشىپ، بۇ مەسىلە ھەممە كۆڭۈل بۆلىدىغان ئورتاق ئىشقا ئايلانغان. ئەمەلىيەتتە، كىشىلەر ئەندىشە قىلىۋاتقان باتارېيە مەسىلىسى دەل بۇ يان تېلېفوننىڭ ھازىرقى بار بولغان تېخنىكا ئاساسىدا چوڭ ئېكران ۋە يان تېلېفون گەۋدىسىنىڭ نېپىز بولۇشىنى قوغلاشقانلىقىغا تۆلىگەن بەدىلى ھېسابلىنىدۇ. سىز بۇرۇنقى كونا باتارېيەلەرنى ھازىرقى يېڭى باتارېيەلەر بىلەن سېلىشتۇرسىڭىز، بىر كۆز زەرەتلىسىڭىزمۇ سىزگە ئەسقەتمايدىغان باتارېيەلەردىن يان تېلېفون باتارېيەسى تېخنىكىسىنىڭ مۇشۇ يېقىنقى يىللاردىكى زور ئۆزگىرىشىنى بايقىيالايسىز.

**نىكېل - كادمىيلىق باتارېيە.** موتورولا شىركىتى 1983 - يىلى دۇنيا بويىچە سودا ئىشلىرىدا ئىشلەتىلگەن DynaTAC 8000X ناملىق تۇنجى يان تېلېفوننى ئوتتۇرىغا چىقارغاندىن باشلاپ ھېسابلىغاندا، سودا ئىشلىرىدا ئىشلىتىلىدىغان يان تېلېفون بىلەن ئۇنىڭغا ئىشلىتىلىدىغان باتارېيە 30 يىلنى بېشىدىن ئۆتكۈزدى. DynaTAC 8000X ۋەكىللىكىدىكى بۇ ئەڭ بۇرۇنقى يان تېلېفونلارنىڭ ئېغىرلىقى ئاساسىي جەھەتتىن 500 گىرامدىن يۇقىرى ئىدى. بۇ يان تېلېفونلار 20 - ئەسىرنىڭ 80 - يىللىرىنىڭ ئاخىرلىرىدا جۇڭگو بازىرىغا كىرگەندە، بازار باھاسى 20 مىڭ يۈەن ئەتراپىدا بولۇپ، ئەينى ۋاقىتتا سالاھىيەتكە ۋەكىللىك قىلاتتى.

ھالبۇكى، بۇ كېسەك شەكىللىك سىمسىز تېلېفونلار قارىماققا ھەيۋەت كۆرۈنسىمۇ، لېكىن شۇ يىللاردىكى ئاككۇمۇلياتورلۇق باتارېيە تېخنىكىسىنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرىغاچقا، ئەمەلىي قوللىنىشچانلىقى ئانچە يۇقىرى ئەمەس ئىدى. ئەينى چاغدىكى يان تېلېفون باتارېيەلىرى بولسا كونا پاسوندىكى نىكېل - كادمىيلىق باتارېيە ئىدى. بۇ خىل باتارېيەنىڭ پرىنسىپى نىكېل ھىدروكسىد سۇلۇق ئېرىتمىسى بىلەن مېتال كادمىي ئوتتۇرىسىدىكى خىمىيەلىك رېئاكسىيە ئارقىلىق ئېلېكتېر ئېنېرگىيەسى پەيدا قىلىدۇ. ئۇ 500 قېتىمدىن ئارتۇق زەرەتلەش ۋە زەرەت قويۇپ بېرىش جەريانىغا يېتىدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە، زەرەت قويۇپ بەرگەندە توك بېسىمىنىڭ ئۆزگىرىشى ئىنتايىن كىچىك بولىدۇ، شۇڭا ئادەتتە ئۇسۇل بىلەن توك يولىنى ئا-

سانلا زەرەتلىگىلى بولىدۇ. ئەينى چاغدىكى تېخنىكا شارائىتىدا بۇنى كۆچمە ئۈسكۈنىلەرنى زەرەتلەيدىغان كۆڭۈلدىكىدەك باتارېيە دېيىشكە بولىدۇ. ھالبۇكى، نىكېل - كادمىيلىق باتارېيەمۇ نۇقسانسىز ئەمەس. سىغىمى چەكلىك بولۇشتىن باشقا، ئۇنىڭ ئەڭ چوڭ يېتەرسىزلىكى بولسا، ئۇنىڭدا روشەن «ئەستە ساقلاش ئېففېكتى» بار. يەنى، بۇ خىل باتارېيەدە توك پاكىز تۈگىگەن چاغدا ئاندىن زەرەتلىگىلى بولىدۇ، بولمىسا سىغىمى كىچىكلەپ كېتىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا، نىكېل بىر خىل زەھەرلىك ئېغىر مېتال، تاشلىۋېتىلگەن نىكېل باتارېيەسىنى ياخشى بىر تەرەپ قىلمىغاندا مۇھىتنى بۇلغايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، تېخنىكىنىڭ ئىلگىرىلىشىگە ئەگىشىپ، روشەن يېتەرسىزلىكى بولغان نىكېل - كادمىيلىق باتارېيەسىنىڭ ئورنىنى ناھايىتى تېزلا باشقا باتارېيەلەر ئىگىلىدى.

**نىكېل - ھىدروگېنلىق باتارېيە.** نىكېل كادمىيلىق باتارېيەنىڭ ئورنىنى تېخىمۇ مۇھىت ئاسرايدىغان نىكېل ھىدروگېنلىق باتارېيە ئالدى. بۇ خىل باتارېيە ھىدروگېننى سۈمۈرۈۋېلىپ ھىدرىدلارنى شەكىللەندۈرىدىغان مېتالنىڭ ئورنىنى نىكېل ئالغان باتارېيەدۇر، بۇنىڭدا نىكېل پەيدا قىلىدىغان مۇھىتنى بۇلغاش مەسىلىسىدىن ساقلانغىلى بولىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا يەنە، ئوخشاش ھەجىمدىكى نىكېل - كادمىيلىق باتارېيەگە سېلىشتۇرغاندا نىكېل - ھىدروگېنلىق باتارېيەنىڭ سىغىمى تېخىمۇ چوڭ، «ئەستە ساقلاش ئېففېكتى» ئانچە روشەن ئەمەس. بىراق، نىكېل - ھىدروگېنلىق باتارېيەنىڭ ئەڭ چوڭ يېتەرسىزلىكى، ئۇنىڭدا بىرقەدەر يۇقىرى بولغان ئۆزىدىن زەرەت قويۇپ بېرىش رېئاكسىيىسى بار. شۇنىڭ ئۈچۈن، نىكېل - ھىدروگېنلىق باتارېيە نىكېل - كادمىيلىق باتارېيەنىڭ ئورنىنى ئېلىپ، يان تېلېفوننى تېخىمۇ قولايلىق قىلسىمۇ، لېكىن لىتىي - ئىئونلۇق باتارېيە پەيدا بولغاندا، نىكېل - ھىدروگېنلىق باتارېيە بارا - بارا يان تېلېفون ساھەسىدىن چېكىنىپ چىقىپ، يېڭى ئېنېرگىيەلىك ئاپتوموبىل ساھەسىدە ئۆز رولىنى جارى قىلدۇرماقتا.

**لىتىي - ئىئونلۇق باتارېيە.** مېتال لىتىيدىن پايدىلىنىپ باتارېيە ياساش ئويى كەشپىياتچى ئېدىسوندىن كەلگەن. لېكىن لىتىينىڭ خۇسۇسىيىتى ئىنتايىن ئاكتىپ بولغاچقا، ئېدىسون ياشاۋاتقان مەزگىللەردە، لىتىينى پىششىقلاپ ئىشلەش بىر تۈرلۈك ئىنتايىن خەتەرلىك خىزمەت ئىدى، شۇنىڭ ئۈچۈن، لىتىيلىق باتارېيە ئەينى ۋاقىتتا ئاساسىي ئېقىمغا ئايلىنالمىغان. بۇ خىل باتارېيە زەرەتلىگىلى بولمايدىغان بىر قېتىملىق باتارېيەدۇر. 20 - ئەسىرنىڭ ئوتتۇرا كېيىنكى مەزگىللىرىدە، بۇ



www.uyghurkitap.com



خىل باتارېيە مۇناسىۋەتلىك تېخنىكىلارنىڭ ئىلگىرىلىشىگە ئەگىشىپ ئىشلىتىلىشكە باشلىغان، ئۇزۇن مۇددەت مۇقىم توك بىلەن تەمىنلەشتەك ئالاھىدىلىكى بولغاچقا، يۈرەك قوزغاتقۇچ ۋە مىكرو ھېسابلىغۇچ قاتارلىق مەھسۇلاتلارنىڭ ئېھتىياجىنى تەمىنلىگەن. لېكىن يان تېلېفوندا ئىشلىتىلگەن بىرىنچى تۈركۈمدىكى لىتىيلىق باتارېيە ئەمەلىيەتتە لىتىي - ئىئونلۇق باتارېيە. سودا ئىشلىرىدا ئىشلىتىدىغان لىتىي - ئىئونلۇق باتارېيە ئادەتتە گرافىتنى مەنپىي قۇتۇپ قىلىدۇ، لىتىي تۆمۈر فوسفات ياكى لىتىي كوبالت ئوكسىدلارنى مۇسبەت قۇتۇپ قىلىدۇ، ئېتىل ئېفىردا ئېرىيدىغان ئورگانىك ئېرىتكۈچى لىتىي تۇزلىرىدىن تەركىب تاپقان. لىتىي - ئىئونلۇق باتارېيە يۇقىرى ئېنېرگىيەلىك زىچلىققا (ھەجمى تېخىمۇ كىچىك)، يۇقىرى بېسىمغا ئىگە ھەمدە مۇھىتنى بۇلغاش نىسبىتى تۆۋەن، ئىشلىتىلىش ئۆمرى ئۇزۇن بولۇش، ئۇنۇم ئېففېكتى يوق دېيەرلىك بولۇش ۋە تېز سۈرئەتتە زەرەتلىگىلى بولۇشتەك ئارتۇقچىلارغا ئىگە بولغاچقا، سوني شىركىتى 20 - ئەسىرنىڭ 90 - يىللىرىنىڭ باشلىرىدا سودا ئىشلىرىدا ئىشلىتىلىدىغان تۇنجى لىتىي - ئىئونلۇق باتارېيەنى ئىشلەپچىقارغاندىن كېيىن، بۇ خىل باتارېيەلەر تېز سۈرئەتتە يان تېلېفون باتارېيەلىرىنىڭ يوشۇرۇن ئىقتىدارىنى نامايان قىلدى ھەمدە ئاخىرىدا نىكېل - ھىدروگېنلىق باتارېيەنىڭ ئورنىنى ئېلىپ، يان تېلېفون باتارېيەلىرىنىڭ ئاساسىي ئېقىمىغا ئايلاندى.

ھالبۇكى، يان تېلېفون لايىھە ئۇسلۇبىنىڭ بارغانسېرى «يەڭگىل» ۋە «نېپىز» بولۇشىغا ئەگىشىپ، لىتىي - ئىئونلۇق باتارېيەسىنىڭ چەكلىمىلىكمۇ گەۋدىلىنىشكە باشلىدى. سۇيۇق ھالەتتىكى ئېلېكترولىتنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرىغانلىقتىن، لىتىي - ئىئونلۇق باتارېيەنى نېپىز قىلىپ لايىھەلەشكە ئامال بولماي قالدى. بۇنداق بولۇپلا قالماستىن، لىتىي - ئىئونلۇق باتارېيەنى زىيادە كۆپ زەرەتلەش سەۋەبىدىن ئىچكى بېسىمى تۇيۇقسىز ئارتىپ كېتىپ، پارتلاش ياكى ئوت كېتىش خەۋپى پەيدا بولۇشى مۇمكىن، شۇنىڭ ئۈچۈن بۇنىڭغا مەخسۇس قوغداش چارىسى لايىھەلەشكە توغرا كېلىدۇ.

**لىتىي - ئىئونلۇق پولىمېرلىق باتارېيە.** يان تېلېفونلارنى تېخىمۇ «نەپىس» كۆرسىتىش ئۈچۈن، لىتىي - ئىئونلۇق پولىمېرلىق باتارېيە بارلىققا كەلدى. بۇ خىل باتارېيە قاتتىق ھالەتتىكى پولىمېرلار ئارقىلىق ئېلېكترولىتنى ئېلىپ يۈرۈيدىغان بولغاچقا، زىيادە زەرەتلەش سەۋەبى ئېلىپ كېلىدىغان خەتەردىن ساقلانغىلى بولىدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە، سۇيۇق ھالەتتىكى ئېلېكترولىتنىڭ باتارېيەنىڭ قېلىنلىقىغا بولغان چەكلىمىسىدىن قۇتۇلۇپ قالغان. شۇڭا، ئۇنىڭ ئەڭ كىچىك قېلىنلىقى يېرىم مىللىمېتىرچىلا كېلىدىغان بولۇپ، بىر تال كرېدىت كارتىسىچىلىك چىقىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە، سۇيۇق ھالەتتىكى ئېلېكترولىتتىن ۋاز كېچىش بۇ خىل باتارېيەنىڭ شەكلى ۋە ئورالمىسىنى تېخىمۇ ئەركىن قىلغان. بۇ باتارېيەنى لايىھەلىگۈچى يان تېلېفوندىكى باشقا زاپچاسلارنى كىچىكلەتكەندىن كېيىن ئېشىپ قالغان بوشلۇق بەلكىم يان تېلېفون باتارېيەسىنىڭ ۋاقىتنى تېخىمۇ ئۇزارتىشى مۇمكىن. يەنە بىر ئەۋلاد باتارېيە يېڭىلاش تېخنىكىسى پەيدا بولۇشتىن بۇرۇن، لىتىي ئىئونلۇق پولىمېرلىق باتارېيەسىنى ئەڭ ياخشى ھەل قىلىش لايىھەسى دېيىشكە بولىدۇ.

**تەرجىمە قىلغۇچى: رىزۋانگۈل نۇرۇللا**

**مۇھەررىر: پەزىلەت تۇرغۇن**

# ئىككى سېلسىيە گرادۇس نېمە ئۈچۈن يەر شارىنىڭ «بىخەتەرلىك سىزىقى» غا ئايلىنىپ قالىدۇ

پارىژ كېلىمات يىغىنىنىڭ مۇھىم نىشانى كاربوننىڭ قويۇپ بېرىلىشىنى تىزگىنلەپ، يەر شارى تېمپېراتۇرىسىنىڭ ئۆرلىشىنى سانائەت ئىنقىلابىدىن بۇرۇنقى ۋاقىتتىكى ئىككى سېلسىيە گرادۇستىن ئاشۇرۇۋەتمەسلىكتىن ئىبارەت. ئالىملارنىڭ قارىشىچە، ناۋادا 2100 - يىلىدىن بۇرۇن يەر شارى تېمپېراتۇرىسىنىڭ ئوتتۇرىچە ئۆرلىشىنى ئىككى سېلسىيە گرادۇس ئىچىدە تىزگىنلىگىلى بولمىسا، پۈتكۈل يەر شارىدا ئىنتايىن ناچار كېلىمات ھادىسىسى يۈز بېرىش ئېھتىماللىقى زور دەرىجىدە ئاشىدىكەن. ئۇنداقتا، زادى كىم دۇنيانىڭ بۇ «ئىككى سېلسىيە گرادۇس» لۇق قىزىل سىزىقنى سىزىپ بەرگەن؟

**ئىقتىسادشۇناسلار ھاۋا تېمپېراتۇرىسى قىزىل سىزىقنى ئوتتۇرىغا قويىدى.**

ئالدىنقى ئەسىرنىڭ 70 - يىللىرى كىشىلەرنىڭ «كېلىمات ئۆزگىرىشى» گە بولغان تونۇشى يېتەرلىك ئەمەس ئىدى. ئىقتىسادشۇناس ۋىليام نوردخائۇس كېلىماتنىڭ ئىللىپ كېتىشى يەر شارىدا زور ئۆزگىرىش پەيدا قىلىشى مۇمكىنلىكىنى تونۇپ يەتكەن. نوردخائۇس تۇنجى قېتىم ئىككى سېلسىيە گرادۇس ئۇقۇمىنى ئوتتۇرىغا قويغان. ئۇ: ناۋادا يەر شارىنىڭ ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرىسى سانائەت ئىنقىلابى دەۋرىدىكىدىن ئىككى سېلسىيە گرادۇس ئۆرلەپ كەتسە، كېلىمات ئۆزگىرىشى ئىنسانلارنىڭ تىزگىنلەش يۇقىرى چېكىدىن ھالقىپ كېتىدۇ، دېگەنىدى.

ئالدىنقى ئەسىرنىڭ 90 - يىللىرىغا كەلگەندە ئىككى سېلسىيە گرادۇس ئۇقۇمىنى ياۋروپالىق ئالىملار كۈچەپ تەشەببۇس قىلدى. ئۇلارنىڭ نەزىرىدە تېمپېراتۇرىنىڭ ئۆرلىشى بىر سېلسىيە گرادۇستىن ئېشىپ كەتسىلا ئىنتايىن ئېغىر ۋە مۆلچەرلىگۈسىز تەسىر پەيدا قىلىپ، ئېكولوگىيەلىك سىستېمىنىڭ كەڭ كۆلەمدە بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىكەن. ھالبۇكى، يەر شارى تېمپېراتۇرىسىنىڭ ئۆرلىشىنى بىر سېلسىيە گرادۇس ئىچىدە تىزگىنلەيمىز دېسەك ئالللىقاچان كېچىكەندۇق، شۇڭا ئۇلار ئىككى سېلسىيە گرادۇسلۇق چەك قىممىتىنى ئوتتۇرىغا قويدى. بۇ ئىلمي تەتقىقات ئارقىلىق چىقىرىلغان تەشەببۇس بولماستىن، بەلكى پۈتۈنلەي ئەمەلىيەتنى چىقىش قىلىپ چىقىرىلغان.

uyghurkitap.com



1994 - يىلى گېرمانىيە بوستون كىلىمات تەسىرى تەتقىقات ئورنىنىڭ مۇدىرى هانس ياۋشىم ئەينى چاغدىكى گېرمانىيە مۇھىت مىنىستىرلىقىنىڭ مىنىستىرى مېركىلغا ئىنسانلارنىڭ كىلىمات ئۆزگىرىشىگە سەۋر قىلىشى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان ئاقىۋەتنى كۆرسىتىپ بەرگەن. ئىككى يىلدىن كېيىن مېركىل ياۋروپا ئىتتىپاقىنىڭ مىنىستىرلار يىغىنىدا باشقا ۋەكىللەرنى يەر شارى تېمپېراتۇرىسىنىڭ ئۆرلىشىنى ئىككى سېلسىيە گرادۇس ئىچىدە تىزگىنلەش نىشانىنى ئېتىراپ قىلىشقا قايىل قىلغان، بۇ ئىككى سېلسىيە گرادۇس ئۇقۇمىنىڭ تۇنجى قېتىم سىياسىي ساھەگە كىرىشى ئىدى.

بىر قىسىم ئارال دۆلەتلىرى يەر شارى تېمپېراتۇرىسىنىڭ ئۆرلىشىنى تىزگىنلەش نىشانى نېمىشقا بىر يېرىم سېلسىيە گرادۇس بولماستىن ئىككى سېلسىيە گرادۇس بولىدۇ؟ دەپ سوئال قويۇشقان.

تېمپېراتۇرىنىڭ ئۆرلىشىنى بىر يېرىم سېلسىيە گرادۇس ئىچىدە تىزگىنلەش نىشانى كىچىك ئارال دۆلەتلىرىنى تېخىمۇ ياخشى قوغداپ قالىدىغان تۇرسا كىلىمات يىغىنىدا نېمە ئۈچۈن تېمپېراتۇرىنىڭ ئۆرلىشىنى تىزگىنلەش نىشانى تۆۋەنرەك بېكىتىلىدۇ؟ بۇنىڭ جاۋابى مەبلەغ سېلىنمىسىنى كۆزدە تۇتقان. بۇلتۇر دۇنيا بانكىسىنىڭ بىر دوكلاتىدا كۆرسىتىلىشىچە، بىر يېرىم سېلسىيە گرادۇسلۇق نىشان ئەمەلگە ئاشقاندا گەرچە كىلىمات ئۆزگىرىشى ئېلىپ كېلىدىغان ئاپەت كۆرۈنەرلىك ئازايسىمۇ، بىراق ئىككى سېلسىيە گرادۇس نىشانىغا سېلىشتۇرغاندا 50% سېلىنمىنى كۆپەيتىشكە توغرا كېلىدىكەن.

**ئىككى سېلسىيە گرادۇسلۇق نىشاننى بىردىنلا ئەمەلگە ئاشۇرۇش تەس.**

بۇ قېتىمقى پارىژ كىلىمات يىغىنىدا ئىلگىرىكى ساۋاقلار قوبۇل قىلىنىپ، تۆۋەندىن يۇقىرىغا قاراپ مېڭىش شەكلى قوللىنىلدى، يەنى يىغىن ئېچىلىشتىن ئىلگىرى ھەرقايسى دۆلەتلەر ئۆزلىرى خالاپ كاربوننىڭ قويۇپ بېرىلىشىنى ئازايتىش نىشانى ۋە لايىھەسىنى تەييارلىدى. نۆۋەتتە ئۆز ئالدىغا كاربون قويۇپ بېرىشنى ئازايتىش لايىھەسىنى تاپشۇرغان بارلىق دۆلەتلەرنىڭ كاربون قويۇپ بېرىشنى ئازايتىش نىشانى بىر يەرگە جەملىنىپ، ئەڭ ئاخىرىدا يەر شارى تېمپېراتۇرىسىنىڭ ئوتتۇرىچە ئۆرلىشىنى ئىككى پۈتۈن ئوندىن يەتتە سېلسىيە گرادۇستىن ئۈچ سېلسىيە گرادۇس ئىچىدە تىزگىنلەش نىشانى بېكىتىلىشى مۇمكىن.

تۆۋەندىن يۇقىرىغا قاراپ مېڭىش شەكلىدە ئىككى سېلسىيە گرادۇسلۇق نىشانغا يەتكىلى بولمىسىمۇ، ھېچبولمىغاندا ئالدى بىلەن كاربوننىڭ قويۇپ بېرىلىشىنى ئازايتىش مېخانىزمىنى تۇرغۇزغىلى بولىدۇ. ئىككى سېلسىيە گرادۇس بولسا ئەسىر ئاخىرىغىچە بولغان تېمپېراتۇرىنى تىزگىنلەش نىشانى. بىراق نۆۋەتتىكى سۆھبەت ئاساسلىقى 2020 - 2030 يىلغىچە بولغان ئارىلىققا قارىتىلغان. 2030 - يىلىدىن كېيىن پەن - تېخنىكىنىڭ يەنىمۇ تەرەققىي قىلىشى ھەمدە بىرقاتار سىياسەت - تۈزۈملەرنىڭ يولغا قويۇلۇشىغا ئەگىشىپ، ئىنسانلارنىڭ ئىككى سېلسىيە گرادۇسلۇق نىشانىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشىغا نۇرغۇن پۇرسەت تۇغۇلىدۇ.

**تەرجىمە قىلغۇچى: ساتتار غوپۇر**
**مۇھەررىر: زېيتۇنگۈل ئابدۇۋايىت**

# ئاساسىي قاتلامدىكى پەننى ئومۇملاشتۇرۇش ئىشلىرىدا يېڭىلىق يارىتىپ ئومۇمىي خەلقنىڭ ئىلىم - پەن ساپاسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش توغرىسىدا

لىۇ شىن
(شىنجاڭ پەن - تېخنىكا سارىيى)

## 1. پائالىيەت نىشانى

«پەننىي ھېكايىلەرنى ياخشى سۆزلەپ، مەدەنىي بولۇشنى تەشەببۇس قىلىش» نى ئاساس قىلىپ، كۆپ مەنبەلىك بىر گەۋدە بولغان پەننى ئومۇملاشتۇرۇش پائالىيىتى ئېلىپ بېرىپ، پەن - تېخنىكا تەربىيەسىنىڭ تەسىر دائىرىسىنى كېڭەيتىپ ھەر مىللەت ئىشچى - خىزمەتچىلەر، بولۇپمۇ ياش - ئۆسمۈرلەر ئارىسىدا تەشۋىقاتنى كۈچەيتىپ، ئۇلارنى پەن - تېخنىكىنى سۆيىدىغان، نادانلىقنى يوقىتىپ، ئەسەبىيلىككە قارشى تۇرىدىغان قىلىپ تەربىيەلەش، ئەڭ ئاخىرىدا شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئىلىم - پەن ساپاسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ، شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي مۇقىملىقى ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىكىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتا بىر كىشىلىك ھەسسە قوشۇش كېرەك.

## 2. پائالىيەت مەزمۇنى ۋە شەكلى

شىنجاڭ ئاساسىي قاتلام پائالىيىتىنىڭ مەزمۇنى ۋە شەكلىنى بېيىتىش ۋە ئەمەلىيلەشتۈرۈش ئۈچۈن، بۇرۇنقى ئاددىي ھەرىكەتچان سەييارە كۆرگەزمىنى، كۆپ تەرەپلىمىلىك، ئادەم كۈچى ۋە ماددىي كۈچ، مالىيە سالمىقىنى كېمەيتىدىغان خىزمەت ئەندىزىسىگە ئۆزگەرتىپ، پەن - تېخنىكىلىق تەشۋىقات خىزمىتىنىڭ بىللە ئېلىپ بېرىلىشىنى ئىشقا ئاشۇردى. تۆۋەندە پائالىيەتنىڭ ئاساسلىق شەكلى ۋە مەزمۇنى جەدۋەللەشتۈرۈلدى.

شىنجاڭ پەن - تېخنىكىنى ئومۇملاشتۇرۇش ئاساسىي قاتلام پائالىيىتى جەدۋىلى

| مۇندەرىجە | پائالىيەت مەزمۇنى | پائالىيەت شەكلى |
|---|---|---|
| 1 | «ئىلىم - پەننى ئۆگىنىش» كۆچمە پەن - تېخنىكا سارىيى كۆرگەزمە بۇيۇمى | تەربىيەلەش، ئېكسكۇرسىيە، ئۆگىنىش، پەن - تېخنىكا يېتەكچىسى چۈشەندۈرۈش |
| 2 | پەننى ئومۇملاشتۇرۇش ئاپتوموبىلىغا ئورنىتىلغان كۆرگەزمە بۇيۇمى | |
| 3 | ھەرىكەتچان يۆتكىلىشچان يۇمىلاق شەكىللىك كىنوخانا | كىنو قويۇش، كۆرۈرمەنلەر كۆرۈش |
| 4 | پەننى ئومۇملاشتۇرۇش «ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىش» لېكسىيەسى | پەن - تېخنىكا يېتەكچىسى سۆزلەش |
| 5 | پەن - تېخنىكىلىق دراما، مۇكاپاتلىق سوئال - جاۋاب، تەجرىبە | پەن - تېخنىكا يېتەكچىسى ئورۇنلايدۇ |
| 6 | 3D لىق پەن - تېخنىكىنى ئومۇملاشتۇرۇش كۆرگەزمە تاختىسى | 3D لىق كۆز ئەينەكنى تاقاپ ئېكسكۇرسىيە قىلىش، چۈشەندۈرۈش |
| 7 | پەننى ئومۇملاشتۇرۇش تەشۋىقات ماتېرىيالىنى تارقىتىش | خىزمەتچى خادىملار تارقىتىدۇ |
| 8 | «پەننى ئومۇملاشتۇرۇشنى ئائىلىلەرگە يەتكۈزۈش» قوش تىللىق پىروگراما | مەيدانلاردا قويۇلىدۇ |
| 9 | پەننى ئومۇملاشتۇرۇشنى يېزىغا، مەكتەپ، ئاھالىلەر كومىتېتى، تۈرمىگە يۈزلەندۈرۈش | لېكسىيە، تەجرىبە ۋە دراما ئويناش |

### 3. پائالىيەت ئېلىپ بېرىش شەكلى

پائالىيەت ئاساسلىقى ھەرقايسى رايونلاردا ئۆزىنىڭ ئەھۋالىغا قاراپ ئېلىپ بېرىلدى. ۋىلايەت، ناھىيە دەرىجىلىك پەن - تېخنىكا جەمئىيىتى، ئاپتونوم رايونلۇق ئەل رايىنى بىلىش، ئەلگە نەپ يەتكۈزۈش، ئەلنى مايىل قىلىش خىزمىتىدىكى كەنتكە چۈشكەن خىزمەت گۇرۇپپىسى بىرلىشىپ پەننى ئومۇملاشتۇرۇش پائالىيىتى ئېلىپ باردى.

ئەمەلىيەت شۇنى ئىسپاتلىدىكى، بۇ خىل پائالىيەت شەكلى ۋىلايەتلىك پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ قوللاپ قۇۋۋەتلىشىگە ئېرىشىپ، ۋىلايەت، ناھىيە (شەھەر) لىك پەن - تېخنىكا جەمئىيەتلىرىنىڭ تەشكىللىشى ۋە كەنتكە چۈشكەن خىزمەت گۇرۇپپىسىنىڭ ئاكتىپلىقىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپلا قالماي، ۋىلايەت بىلەن ناھىيىلىك پەن - تېخنىكا جەمئىيىتىنىڭ ماسلىشىپ ئورتاق ئورۇنلاشتۇرۇشىغا پايدىلىق بولۇپ، خىزمەت ئۈنۈمىنى يۇقىرى كۆتۈردى.

### 4. پائالىيەت ئېلىپ بېرىش ئەھۋالى

(1) جەنۇبىي شىنجاڭ پائالىيەت ئەھۋالى

2016 - يىلى 3 - ئاينىڭ 25 - كۈنىدىن 4 - ئاينىڭ 10 - كۈنىگىچە، 5 - ئاينىڭ 7 - كۈنىدىن، 5 - ئاينىڭ 27 - كۈنىگىچە ئېلىپ بېرىلغان ئىككى قېتىملىق پائالىيەتنىڭ ئومۇمىي مۇساپە ئۇزۇنلۇقى 8000 كىلومېتىردىن ئاشىدۇ، جەمئىي 38 كۈن. قىزىلسۇ، قەشقەر، خوتەن، ئاقسۇ قاتارلىق تۆت ۋىلايەت ئوبلاست، 15 ناھىيە (شەھەر)، 21 يېزا (بازار)، 45 كەنت، 16 ئوتتۇرا - باشلانغۇچ مەكتەپ، 18 «ئۈچ ئەل» خىزمەت گۇرۇپپىسى بىلەن ئورتاق، 29 نۇقتىدا پەننى ئومۇملاشتۇرۇش ئاساسىي قاتلام پائالىيىتى ئېلىپ بېرىپ، 50 مىڭ كىشى بۇ پائالىيەتتىن بەھرىلەندى.

(2) شىمالىي شىنجاڭدىكى پائالىيەت ئەھۋالى

2016 - يىلى 6 - ئاينىڭ 14 - كۈنىدىن 6 - ئاينىڭ 27 - كۈنىگىچە 3700 كىلومېتىر مۇساپىنى 14 كۈندە بېسىپ، ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستى ۋە بايىنغولىن موڭغۇل ئوبلاستىدىكى 10 ناھىيە (شەھەر)، 4 يېزا (بازار)، 3 ئاھالە كومىتېتى، 13 ئوتتۇرا - باشلانغۇچتىن ئىبارەت جەمئىي 17 نۇقتىدا پەننى ئومۇملاشتۇرۇش پائالىيىتى ئېلىپ بېرىلدى، 20 مىڭدىن ئارتۇق كىشى بەھرىلەندى.

### 5. پائالىيەت ئۈنۈمى

(1) كۆپ تەرەپلىملىك قاتنىشىشچانلىقى يۇقىرى بولغان پائالىيەت ئېلىپ بېرىپ، پائالىيەتنىڭ تەجرىبىلىرىنى ۋىلايەتلىك پەن - تېخنىكا جەمئىيەتلىرىگە يەتكۈزۈپ، ئۇلارنىڭ خىزمەت يۆنىلىشىنى كۆرسىتىپ بەردى.

شىنجاڭ پەننى ئومۇملاشتۇرۇش ئاساسىي قاتلام پائالىيىتى ئاساسلىقى ھەرىكەتچان پەننى ئومۇملاشتۇرۇش پائالىيىتى شەكلى بويىچە ئېلىپ بېرىلغان بولغاچقا، ھەرخىل پەننى ئومۇملاشتۇرۇش بايلىقلىرىنى بىرلەشتۈرۈپ، كۆپ تەرەپلىملىك بىرلەشتۈرۈش ئەندىزىسى بويىچە، ۋىلايەتلىك پەن - تېخنىكا جەمئىيىتىنىڭ خىزمىتىنى قەيەردىن باشلاش، قانداق قىلىش توغرىسىدا يول كۆرسىتىپ ئاساسىي قاتلامدىكى پەننى ئومۇملاشتۇرۇش پائالىيىتىگە يېتەكچى بولدى.

(2) نۇقتىنى نۇقتىغا بىرلەشتۈرۈپ «ئۈچ ئەل» خىزمىتىگە تۈرتكە بولۇش. ئاساسىي قاتلامدىكى

پائالىيەت ئاساسلىقى «ئۈچ ئەل» خىزمەت گۇرۇپپىسى بىلەن بىۋاسىتە ئالاقىلىشىش شەكلى بويىچە ئېلىپ بېرىلغان بولغاچقا، بۇ خىل ئىنچىكە خىزمەتتە ئالاقىلىشىش تېز، ئۈنۈمى يۇقىرى بولدى. بۇنىڭ بىلەن، يەرلىكنىڭ ئەھۋالىدىن ۋاقتىدا خەۋەردار بولۇپ خىزمەتنىڭ قاراتمىلىقىمۇ كۈچلۈك بولدى. كەنتكە چۈشكەن خىزمەتچىلەر بۇ پائالىيەت ئاساسىي قاتلامنىڭ مەدەنىي قۇرۇلۇشى، ئىلىم - پەن بىلىملىرىنىڭ ئومۇملىشىشى ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى ئىلگىرى سۈرۈشتە مۇھىم رول ئوينىدى، دېيىشتى. بۇ خىل پائالىيەت شىنجاڭنىڭ يەرلىك ئالاھىدىلىكىگە بىرقەدەر ماس كېلىدىغان بولغاچقا، «ئۈچ ئەل» خىزمىتىگە يېڭى كۈچ ئاتا قىلدى.

(3) ئارىلىقى يېقىن، مەشغۇلاتچانلىقى كۈچلۈك بولغان ئاساسىي قاتلام پەن - مەدەنىيەت تۇرمۇشىنى بېيىتىش. بۇ خىل پائالىيەت شەكلى پۈتۈن شىنجاڭنىڭ كۆپ جايلىرىدا، بولۇپمۇ جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ ئاساسىي قاتلىمىدا تۇنجى قېتىملىقى بولدى. خىزمەت گۇرۇپپىسىدىكى ئەزالار ئۆزلىرى قول سېلىپ، يەرلىكلەرگە شەرت قويماي، ئاۋارىچىلىق تۇغدۇرماي، يەرلىك پەن - تېخنىكا جەمئىيىتى ۋە ئاممىنىڭ قىزغىن قارشى ئېلىشىغا ئېرىشتى. شۇ ئارقىلىق خەلق ئاممىسىنىڭ ئىلىم - پەننى سۆيۈش، ئىلىم - پەننى ئۆگىنىش ۋە ئىلىم - پەننى ئىشلىتىش قىزغىنلىقىنى قوزغىتىپ، ئاساسىي قاتلامنىڭ پەن - مەدەنىيەت تۇرمۇشىنى بېيىتتى.

## خۇلاسە

شىنجاڭ پەننى ئومۇملاشتۇرۇش ئاساسىي قاتلام پائالىيىتى جەنۇبىي، شىمالىي شىنجاڭدىكى 46 نۇقتىدا ئېلىپ بېرىلىپ، 70 مىڭدىن ئارتۇق كىشى بەھرىلەندى. خىزمەت ئەندىزىسى بارغانسېرى شەكىللىنىپ، پائالىيەت مەزمۇنى ۋە شەكلى خىزمەت تەجرىبىسىگە ئەگىشىپ بارغانسېرى موللىشىپ ۋىلايەت، ئوبلاستلىق خەلق ھۆكۈمىتى يەرلىك دېھقان - چارۋىچىلار، ياش - ئۆسمۈرلەردە تەسىرىنى كۆرسەتتى، لېكىن پائالىيەت ئېلىپ بېرىش قېتىم سانى ياكى بەھرىلەنگەن كىشى سانى جەھەتتىن يەنىلا يېتەرلىك ئەمەس. پەننى ئومۇملاشتۇرۇش ئىشىنى بىراقلا ۋۇجۇدقا چىقارغىلى بولىدىغان ئىش ئەمەس، بۇنىڭدىن كېيىن يەرلىككە تېخىمۇ ماس كېلىدىغان پائالىيەتلەرنى ئېلىپ بېرىپ ئاساسىي قاتلام ھەر مىللەت خەلق ئاممىسىنىڭ، ياش - ئۆسمۈرلەرنىڭ ئىلىم - پەن ساپاسىنى بالدۇرراق ئەمەلگە ئاشۇرۇپ، شىنجاڭنىڭ جەمئىيەت مۇقىملىقى ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىكى ئۈچۈن ئەڭ ماس كېلىدىغان پەننى ئومۇملاشتۇرۇش يولىنى ئېچىش لازىم. شىنجاڭنىڭ پەننى ئومۇملاشتۇرۇش ئاساسىي قاتلام پائالىيىتى پەننى ئومۇملاشتۇرۇش پائالىيىتىنىڭ تەشۋىقاتچىسى، «ئۇرۇق چاچقۇچى» سى، ئەمەلىيلەشتۈرگۈچىسى ۋە سىلجىتقۇچىسى بولۇپ، ئىلىم - پەن ئۇرۇقىنى تېرىپ، ئىلىم - پەندىن ئىبارەت ئورماندىن ھوسۇل ئالغۇچى بولغۇسى!

**تەرجىمە قىلغۇچى: مۇنىرە ئابدۇقادىر**

**مۇھەررىر: جۈرئەت ھەبىبۇل**

# سېمىزلىك ۋە گېن

**تەننىڭ سېمىز بولۇشىنى «گېن» بەلگىلەيدۇ**

گېن دېگەن نېمە؟ كونىلاردا «نېمە تېرىساڭ شۇنى ئالىسەن» دېگەن گەپ بار. يەنى پۇرچاق تېرىساڭ پۇرچاق ئالىسەن. پۇرچاق تېرىپ، سەۋزە ئالىمەن دېسەك بۇ پەقەت بىر خام خىيال بولۇپ قالىدۇ خالاس. دېمەك، بۇ دېگەنلىك ئىرسىيەت ئامىلىنىڭ تەسىرى، ھالبۇكى ئىرسىيەت ماددىسى بولسا DNA (دېئوكسى رىبوزانوكلىك كىسلاتاسى) دۇر. گېن بولسا DNA نىڭ بىر بۆلىكى، ئىرسىيەتنىڭ ماددىي ئاساسى ۋە ئىرسىيەتنىڭ ئاساسىي بىرلىكى.

ئەڭ يېڭى تېخنىكا تەتقىقاتىدىن ئايان بولۇشىچە، ئادەملەرنىڭ سەمرىپ كېتىشى سېمىزلىك گېنىنىڭ تەسىرىدىن بولىدىكەن. ئۇنداقتا، سېمىزلىك گېنى دېگەن زادى نېمە؟

«FTO» گېنى كىشىلەر يېگەن يېمەكلىكلەرنىڭ ئېنېرگىيەسىنى ئاشۇرىدۇ. تەتقىقاتچىلار 2726 نەپەر تۆت ياشتىن 10 ياشقىچە بولغان شوتلاندىيەلىك



بالىلار ئۈستىدە تەجرىبە ئېلىپ بارغان. تەجرىبىدە بالىلار ھەر كۈنى قىزا، ئىرىمچىك، بولكا، كۆكتات ۋە مېۋە قاتارلىق كۆپ خىل يېمەكلىكلەردىن ئەركىن تاللاپ ئوزۇقلانغان. نەتىجىدە، تېنىدىكى «FTO» گېنىدە ئۆزگىرىش بولغان بالىلار تەركىبىدە ياغ ۋە قەنت مىقدارى يۇقىرى يېمەكلىكلەرنى ياقتۇرۇپ يەيدىغان بولۇپ، ئۇلار ھەربىر قېتىملىق غىزالىنىشىدا 100 كالورىيە ئېنېرگىيەنى قوبۇل قىلىدىكەن. بۇنىڭدىن «FTO» گېنىنىڭ ئۆزگىرىشى كىشىلەرنىڭ ئوزۇقلىنىش ئۇسۇلىغىمۇ تەسىر كۆرسىتىدىغانلىقىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ.

سېمىز بالىلارنىڭ تېنىدىكى «دوپامىن قوبۇل قىلغۇچى تەنچە گېنى (بىر خىل مېڭە نېرۋا ئۆتكۈزگۈچى ماددا بولۇپ، ئاساسلىقى چوڭ مېڭىنىڭ ھاياجانلىنىش ۋە خۇشال بولۇش قاتارلىق ئۇچۇرلارنى يەتكۈزۈشكە مەسئۇل بولىدۇ) بىرقەدەر ئاز بولغانلىقى ئۈچۈن، چوقۇم كۆپ مىقداردا ئوزۇقلانغاندىلا ئاندىن روھلىنىپ، خۇشال بولالايدۇ.

سېمىزلىك گېنى ئادەم تېنىدىكى مايىنىڭ پارچىلىنىشىنى قىيىنلاشتۇرىدۇ. ھەتتا بەزىلىرى مايىنىڭ خورىشىغىمۇ توسقۇنلۇق قىلىدۇ. تەتقىقاتچىلار ئىككى گۇرۇپپا كىشىلەرنىڭ بەدەن ئېغىرلىقىنى سېلىشتۇرۇش ئارقىلىق، بەدىنىدە «CRTC3» گېنى بىرقەدەر جانلىق بولغان كىشىلەرنىڭ سېمىزرەك بولىدىغانلىقىنى بايقىغان، ئەسلىدە، بۇ گېن قوزغالغان ھامان ئادەم تېنىنىڭ مايىنى پارچىلاش سۈرئىتىگە توسقۇنلۇق قىلىدىغان بولغاچقا ئادەمنى ئاسانلا سەمرىتىۋېتىدۇ.

سېمىزلىك يەنە ئىنسۇلىنىنىڭ ئاجرىلىپ چىقىشى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، مايىنىڭ پارچىلىنىش جەريانىدا ئىنسۇلىن مۇھىم رول ئوينايدۇ. ئەگەر ئادەم تېنىدە ئىنسۇلىنىنىڭ ئاجرىلىپ چىقىشى زىيادە ئاز بولسا، مايىنىڭ پارچىلىنىش سۈر-

ئىتى ئاستىلاپ، مايىنىڭ يىغىلىشى كېلىپ چىقىدۇ. تەتقىقاتلاردىن بايقىلىشىچە، سېمىز بالىلارنىڭ گېنى ئىنسۇلىنىنىڭ نورمال ئاجرىلىپ چىقىشىغا توسقۇنلۇق قىلىدىكەن. بەزىلىرى يەنە ئادەم بەدىنىنىڭ ئىنسۇلىننى سىنتېزلاشتا زۆرۈر بولىدىغان خىمىيەلىك ماددىلارنىڭ شەكىللىنىشىگە توسقۇنلۇق قىلىدىكەن.

روھىي بېسىم ئارتىپ كەتسە، سېمىزلىك گېنىنى قوزغىتىدۇ. گېرمانىيەلىك تەتقىقاتچىلار ئىلگىرى مەسئۇلىيەتچانلىقى زىيادە يۇقىرى بولغان كىشىلەرنى ئىز قوغلاپ تەكشۈرۈش قىلغان بولۇپ، نەتىجىدە بۇلارنىڭ ئىچىدىكى 25% كىشىلەرنىڭ سېمىز ئىكەنلىكى بايقالغان، ھالبۇكى نورمال كىشىلەر توپىدىكى سېمىزلىك نىسبىتى بولسا ئاران 11% بولىدۇ. روھىي بېسىم سېمىزلىك گېنىنى قوزغىتىدىغان بولۇپ، سېمىزلىك گېنى بولسا ئىشتىھانى ئاچىدۇ، شۇڭا بىر قىسىم كىشىلەر روھىي بېسىمغا يولۇققاندا، نورمىدىن ئارتۇق يەپ - ئىچىش ئارقىلىق ئۆزىدىكى بىئاراملىقنى يوقىتىدۇ.

**ئىلىم - پەن بىلەن «سېمىزلىك گېنى»**

سېمىزلىكنىڭ سەۋەبى گېن دېدۇق، ئۇنداقتا، سېمىزلىك گېنىغا قانداق تاقابىل تۇرىمىز؟

ئىلمىي ئۇزۇقلىنىش سېمىزلىك گېنىنى كونترول قىلالايدۇ. «FTO» گېنىنىڭ ئۆزگىرىشى سېمىزلىك بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك. لېكىن، يەنە كۆپلىگەن تېنىدە بۇ خىل گېن ئۆزگىرىشى يۈز بەرگەن بالىلارنىڭ ئېغىرلىقى ئارتىپ كەتكەن ئەمەس. تەتقىقاتچىلار تېخىمۇ ئىچكىرىلەپ تەكشۈرۈش ئارقىلىق بايقىشىچە، پەقەت ئىلمىي ئۇزۇقلانغاندىلا «FTO» گېنى ئادەمنى سەمرىتىۋەتمەيدىكەن.

ئۇنداقتا قانداق قىلغاندا ئىلمىي ئۇزۇقلانغىلى بولىدۇ؟ ئالدى بىلەن ئەسكەرتىپ ئۆتۈپ كېتىشكە تېگىشلىكى شۇكى، تاماققا چەك قويۇش، «ئاچ قېلىپ ئورۇقلاش» قاتارلىقلار ئىلمىي ئۇسۇللار ئەمەس، چۈنكى بەدەنگە ئۇزۇقلۇق يېتىشمىگەندە، ھۈجەيرىلەرنىڭ فىزىيولوگىيەلىك ئىقتىدارى ئاجىزلاپ كېتىپ، سۇ ئىچسىمۇ سەمرىپ كېتىدىغان ئەھۋاللار يۈز بېرىدۇ. ئۇنداقتا قانداق قىلىش كېرەك؟ ئەمەلىيەتتە ئىلمىي ئۇزۇقلىنىش دېگىنىمىز، «يۇقىرى ئاقسىللىق، تۆۋەن ئېنېرگىيەلىك، تۆۋەن كاربونلۇق سۇ بىرىكمىلىق» يېمەكلىكلەرنى تاللاشنى كۆرسىتىدۇ.

ئۇنىڭدىن سىرت، مۇۋاپىق چېنىقىشمۇ سېمىزلىك گېنىنى ئۆزگەرتەلەيدۇ. ئامېرىكا مارىلاند ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلگىرى 704 نەپەر كىشىنى ئىز قوغلاپ تەكشۈرۈپ بايقىشىچە، بۇ كىشىلەر سېمىزلىك گېنىنى ئېلىپ يۈرگۈچىلەر بولۇپ، ھەتتا بەزىلىرى ئىككى خىل سېمىزلىك گېنىنى ئېلىپ يۈرگۈچىلەر ئىكەن. بۇ كىشىلەرنىڭ سېمىزلىك كېسىلىگە گىرىپتار بولۇش نىسبىتى ئادەتتىكى كىشىلەرگە قارىغاندا 67% يۇقىرى بولىدىكەن.

شۇنىڭ بىلەن بىللە تەتقىقاتچىلار يەنە بىر گۇرۇپپا چېنىقىشنى قەتئىي داۋاملاشتۇرۇپ كېلىۋاتقان لېكىن ئىككى خىل سېمىزلىك گېنىنى ئېلىپ يۈرگۈچىلەرنىڭ سېمىزلىك كېسىلىگە گىرىپتار بولمىغانلىقىنى بايقىغان. دېمەك، مۇۋاپىق چېنىقىش سېمىزلىك گېنىنى ئۆزگەرتەلەيدىكەن. بۇ ھەرگىزمۇ قۇرۇق سەپسەتە ئەمەس بەلكى داۋاملىق چېنىقىپ تۇرۇش ھەقىقەتەن سېمىزلىك گېنىنى ئۆزگەرتەلەيدۇ.

**«گېنىنى داۋالاش» ئارقىلىق سېمىزلىك كېسىلىنى داۋالاش**

ياپونىيە مەلۇم تەتقىقات گۇرۇپپىسىنىڭ ئېلان قىلغان بىر پارچە ماقالىسىدە سېمىزلىك بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان يېڭى بىر گېن «ARIA» نى بايقىغانلىقىنى، ئەگەر بۇ گېننىڭ قوزغىلىشىنى كونترول قىلالىغاندا، گەرچە ئادەم تېنى يۇقىرى ئېنېرگىيەلىك يېمەكلىك قوبۇل قىلغان تەقدىردىمۇ ئاسانلىقچە سەمرىپ كەتمەيدىغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويغان. ئۇلار تەجرىبە چاشقىنىنى تەجرىبە قىلىش جەريانىدا ئەگەر چاشقان تېنىدىكى «ARIA» گېنىنى كونترول قىلىپ، بۇ گېنىنى ئىپادىلەتكۈزمەي ئۇنى نورمال چاشقان بىلەن بىللە يۇقىرى ئېنېرگىيەلىك يېمەكلىكلەر بىلەن 14 ھەپتە باق-

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



قان. نەتىجىدە، بۇ تەجرىبە چاشقىنىنىڭ تېرە ئاستى ۋە ئىچكى ئەزالىرىدىكى ماي مىقدارى باشقا نورمال چاشقانلارنىڭكى 1 / 3 گە توغرا كەلگەن. ئەگەر ئادەم تېنىدىكى مەزكۇر گېننىڭ ئىپادىلىنىشىنى كونترول قىلالايدىغان دورىنى تەتقىق قىلىپ ئىشلەپچىقىرىلسا بۇ سېمىزلىك كېسەللىكىنى داۋالايدىغان يېڭى داۋالاش ئۇسۇلى بولىدۇ.

**«سېمىزلىك» گېنى ۋە «ئورۇقلۇق» گېنى**

گېن بولسا يادرو كىسلاتاسىنىڭ بىر پارچىسى، يادرو كىسلاتاسى نوكلېئوتىدتىن تۈزۈلگەن ئىنتايىن ئۇزۇن زەنجىرسىمان قۇرۇلما. تەتقىقاتچىلارنىڭ بايقىشىچە «IRX3» گېنى ۋە «IRX5» گېنىنى تەشكىللىگۈچى كۆپلىگەن نوكلېئوتىدلار ئىچىدە، پەقەت بىرلا نوكلېئوتىدنىڭ ئۆزگىرىشى «سېمىزلىك» ياكى «ئورۇقلۇق» نى بەلگىلىيەلەيدىكەن. ئەگەر گېن تەركىبىدە «سىنتوزىن» بولسا ئۇنداقتا بۇ «سېمىزلىك» گېنى بولىدىكەن، گېن تەركىبىدە «كۆكرەك بەز ئىشقارى» بار بولسا «ئورۇقلۇق» گېنى بولىدىكەن.

سېمىزلىك داۋاملىق ئوزۇقلىنىش ۋە ھەرىكەت بىلەن مۇناسىۋەتلىك دەپ قارىلىپ كېلىۋاتىدۇ، لېكىن بۇ كۆز قاراشتا گېن ئامىلىنىڭ فوتوسىنتېز رولىغا سەل قارالغان. «FTO» گېنى سېمىزلىك بىلەن مۇناسىۋىتى ئەڭ چوڭ بولغان گېن. ئۇ 2007 - يىلى بايقالغاندىن باشلاپ ھازىرغىچە مۇھىم تەتقىقات ئوبيېكتى بولۇپ كېلىۋاتىدۇ. لېكىن، نېمە ئۈچۈن ئىلگىرى بايقالمىغان «FTO» گېنىنىڭ تويۇقسىز ئۆزگىرىشى سېمىزلىكنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ؟

يېقىندا، ئامېرىكا ماساچۇسېتس تەبىئىي پەنلەر ئىنستىتۇتى بىلەن خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ تەتقىقاتچىلىرى ئادەم تېنى ماددا ئالماشتۇرۇشىنى كونترول قىلىدىغان بىر مۇھىم يولنى بايقىغان بولۇپ، بۇ خۇددى ۋېكليۇچاتېلغا ئوخشاش ماينىڭ يىغىلىشى ۋە خورىشىنى كونترول قىلالايدىكەن. «FTO» گېنىنىڭ تويۇقسىز ئۆزگىرىشى ماي ئانا



ھۈجەيرىسىدە ئىرسىيەتشۇناسلىق ۋېكليۇچاتېلىنى قوزغىتىپ، «IRX3» ۋە «IRX5» دىن ئىبارەت ئىككى يىراق ئۇچلۇق گېننى قوزغىتىدىكەن. بۇ ئىككى گېن ئادەم تېنىنىڭ «ئىسسىقلىق ھاسىل قىلىش مېخانىزمى» نى بىۋاسىتە كونترول قىلىپ، ئادەم تېنى سۈمۈرگەن ئېنېرگىيەنىڭ ساقلىنىپ قالىدىغان ياكى خورايدىغانلىقىنى بەلگىلەيدىكەن.

ئەگەر تەتقىقاتچىلار «گېن تەھرىرلەش» تېخنىكىسى (CRISPR/Cas9) نى قوللىنىپ، ئىرسىيەت پەرق بار بولغان نوكلېئوتىدكە قارىتا ئۆزگەرتىش كىرگۈزسە، ئادەم تېنىنىڭ ئورۇق - سېمىزلىكىنى كونترول قىلالايدۇ. تەتقىقاتچىلارنىڭ تەجرىبە چاشقىنىنى تەجرىبە قىلىش ئارقىلىق ئىسپاتلىشىچە، «IRX3» بىلەن «IRX5» نىڭ ئىپادىلىنىشىنى تەڭشەپ ۋە كونترول قىلغاندا، ھەقىقەتەن ماي ھۈجەيرىسىنىڭ ئىقتىدارىنى ئۆزگەرتىپ ئېنېرگىيە ساقلىيالايدىغان ماينى ئېنېرگىيەنى خورىتالايدىغان مايغا ئۆزگەرتكىلى بولىدىكەن.

تەتقىقاتچىلار يۇقىرقى يېڭى بايقاشلارغا ئاساسلانغاندا، گېن تەھرىرلەش تېخنىكىسىدىن پايدىلىنىپ، سېمىزلىك خەتىرىنى تۆۋەنلەتكىلى بولىدىغانلىقىنى، ئەگەر ئادەم تېنى ماددا ئالماشتۇرۇشى ۋېكليۇچاتېلىنى كونترول قىلسا، سېمىزلىك كېسەللىكىنى داۋالاشتا يېڭى ئۈمىد ئەكىلەلەيدىغانلىقىنى كۆرسەتتى.

**تەرجىمە قىلغۇچى: نۇرشات ئابدۇرېشىت**
**مۇھەررىر: مۇنەۋۋەر ئېزىز**

# ئادەم بەدىنىدىكى «تۇنجى» ئەزا كۆچۈرۈش

**بۆرەك (1954 - يىلى):** ئىنسانىيەت تارىخىدىكى تۇنجى قېتىم كۆچۈرۈلگەن ئەزا بۆرەك. ئامېرىكا تاشقى كېسەللىكلەر دوختۇرى جوسېف ئى مۇرراي بىر جۈپ قوشكېزەكلەرگە بۆرەك كۆچۈرۈش ئوپېراتسىيەسى قىلغان. جوسېف ئى مۇرراي 1990 - يىلى «ئادەم بەدىنىدىكى ئەزالار ۋە ھۈجەيرىلەرنى كۆچۈرۈش تەتقىقاتى» غا تۆھپە قوشقانلىقتىن، نوبېل فىزىيولوگىيە ياكى مېدىتسىنا مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن.

**يىلىك (1956 - يىلى):** ئامېرىكىلىق دوختۇر ئېدۋارد دوننال توماس بىر ئاق قان كېسىلى بىمارىغا تۇنجى قېتىم يىلىك كۆچۈرگەن. ئۇمۇ 1990 - يىلى تۇنجى بۆرەك كۆچۈرۈش ئوپېراتسىيەسى قىلغان دوختۇر جوسېف ئى مۇرراي بىلەن بىرلىكتە نوبېل فىزىيولوگىيە ياكى مېدىتسىنا مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن.

**جىگەر (1963 - يىلى):** دۇنيادىكى تۇنجى جىگەر كۆچۈرۈش ئوپېراتسىيەسى جىگەر كۆچۈرۈش ئاتىسى دەپ ئاتالغان ئامېرىكىلىق پىروفېسسور توماس ستارزىل تەرىپىدىن تاماملانغان. تۇنجى تىرىك تەندىن جىگەر كۆچۈرۈش ئوپېراتسىيەسى بولسا، نەق 25 يىلدىن كېيىن، يەنى 1988 - يىلى 12 - ئاينىڭ 8 - كۈنى بىرازىلىيە سان پاۋلو تېببىي ئۇنىۋېرسىتېتىدىكى رايا دوختۇر تەرىپىدىن تاماملانغان. بىمار تۆت يېرىم ياشلىق قىزچاق، جىگەر بەرگۈچى بىمار بولسا 23 ياشلىق ئانا. ئوپېراتسىيەدىن كېيىن، جىگەر بەرگۈچىدە ئېغىر دەرىجىدە قان ئېرىش رېئاكسىيەسى يۈز بېرىپ 6 - كۈنى بۆرەك زەئىپلىشىش تۈپەيلىدىن ئۆلۈپ كەتكەن.

**ئۆپكە (1963 - يىلى):** خاردىي قاتارلىقلار ئىنسانلار تارىخىدىكى تۇنجى سول قانات يەككە ئۆپكىنى كۆچۈرۈش ئوپېراتسىيەسىنى ۋۇجۇدقا چىقارغان، بىمار پەقەت 18 كۈنلا ھايات كەچۈرگەن.

**ئاشقازان ئاستى بېزى (1966 - يىلى):** ئامېرىكا مىننېسوتا ئىشتاتلىق ئۇنىۋېرسىتېتتىكى تاشقى كېسەللىكلەر دوختۇرلىرى تۇنجى قېتىم ئاشقازان ئاستى بېزىنى كۆچۈرۈش ئوپېراتسىيەسىنى تاماملىغان.

**يۈرەك (1968 - يىلى):** جەنۇبىي ئافرىقىلىق دوختۇر كرىستىيان بامارد كاپېتوۋندىكى بىر دوختۇرخانىدا تارىختىن بۇيانقى تۇنجى يۈرەك كۆچۈرۈش ئوپېراتسىيەسىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك تاماملىغان. بىمارغا ماشىنا ۋەقەسىگە ئۇچراپ ھاياتىدىن ئايرىلغان 25 ياشلىق بىر ئايالنىڭ يۈرىكىنى كۆچۈرگەن بولۇپ، بىمار ئاران 18 كۈنلا ياشىيالىغان.

**قول (1999 - يىلى):** رېن شياۋپېڭ ئامېرىكىدا تۇنجى يات تەندىن قول كۆچۈرۈش ئوپېراتسىيەسىنى (CTA) تاماملىغان، بۇ بىمار ئوپېراتسىيەدىن كېيىن 17 يىل ئۆمۈر كۆرگەن. بۇ خەلقئارادا CTA نىڭ ياشاش ۋاقتى ئەڭ ئۇزۇن بولغان بىر ئۈتۈقلۇق مىسال ھېسابلىنىدۇ.

**بالىياتقۇ (2012 - يىلى):** تۈركىيەنىڭ داڭلىق دوختۇرى ۋېيمىر ۋىزكان بىر داۋالاش ئەترىتىگە باشچىلىق قىلىپ، تۈركىيەنىڭ ئانتالىيە شەھىرى ئاق دېڭىز ئۇنىۋېرسىتېتى تارماق دوختۇرخانىسىدا دۇنيادىكى تۇنجى بالىياتقۇ كۆچۈرۈش ئوپېراتسىيەسىنى تاماملىغان.

**تەرجىمە قىلغۇچى: پەزىلەت تۇرغۇن**
**مۇھەررىر: مۇنەۋۋەر گېزىز**

# سالامەتلىككە زىيانلىق ناچار ئادەتلەر

**ئەتىگەنلىك تاماقنى يېمەسلىك:** بەزى كىشىلەر ئەتىگەنلىك تاماقنى يېسە زىيادە سەمرىپ كېتىشنىڭ ئالدىنى ئالغىلى بولىدۇ دەپ قارىسا، يەنە بەزى كىشىلەر ئەتىگەندە ئالدىراشلىقتىن ياكى قورساق ئانچە ئېچىپ كەتمىگەنلىكتىن ئەتىگەنلىك تاماققا سەل قارايدۇ. ئەمەلىيەتتە، ئەتىگەندە ئادەمنىڭ ئاشقازىنى قۇپقۇرۇق بولۇپ، بەدەن ۋە چوڭ مېڭىنىڭ پائالىيىتى مەلۇم ئېنېرگىيە بىلەن تەمىن ئېتىلمىگەندە، ئاجرىتىپ چىقىرىلغان ئاشقازان كىسلاتاسى ئاشقازان دىۋارىنى زەئىپلەشتۈرۈپ ناھايىتى ئاسانلا باش ئاغرىش، ئاشقازان ئاغرىش ۋە ھېرىپ - چارچاش قاتارلىق كېسەللىكلەرنى پەيدا قىلىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا، يەنە ئەتىگەنلىك تاماق يېمەي ئادەتلەنگەن كىشىلەردە ئۆت تېشى كېسەللىكىگە گىرىپتار بولۇش نىسبىتى يۇقىرى بولىدۇ.

**تاماقتىن كېيىن تاماكا چېكىش:** تاماكا چېكىدىغانلار ھەمىشە تاماقتىن كېيىن بىر تال تاماكا چېكىۋالسا ئىنتايىن ھوزۇر ھېس قىلىشىدۇ. لېكىن، تاماقتىن كېيىن چېكىلگەن بىر تال تاماكىنىڭ زىيىنى ئادەتتە چېكىلگەن 10 تال تاماكىنىڭ زىيىنىدىنمۇ چوڭ بولىدۇ. چۈنكى، تاماقتىن كېيىن ئادەمنىڭ ئاشقازان - ئۈچەيلىرىنىڭ لۆمۈلدەش ھەرىكىتى كۈچىيىپ قان ئايلىنىشى تېزلىشىدۇ. پۈتۈن بەدەندىكى تەر تۆشۈكچىلىرى ئېچىلىپ، بەدەننىڭ سۈمۈرۈش ئىقتىدارى كۈچىيىدۇ، بۇنىڭ بىلەن سۈمۈرۈلىدىغان تاماكا ئىسى قاتارلىق زىيادلىق ماددىلارمۇ تەبىئىي ھالدا كۆپىيىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە، تاماقتىن كېيىن تاماكا چېكىش ئۆت سۇيۇقلۇقىنىڭ ئاجرىلىپ چىقىشىنى كۆپەيتىۋەتكەنلىكتىن، كۆپ مىقداردا ئۆت سۇيۇقلۇقى ئاشقازانغا كىرىپ ئۆتلۈك ئاشقازان ياللۇغى، قورساق ئاغرىش قاتارلىق كېسەللىك ئالامەتلىرىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. تاماقتىن كېيىن تاماكا چېكىش يەنە يېمەكلىكنىڭ ھەزىم بولۇشىغا توسقۇنلۇق قىلىپ ئوزۇقلۇقلارنىڭ سۈمۈرۈلۈپ قوبۇل قىلىنىشىغا تەسىر يەتكۈزىدۇ.

**ھاراق ئىچىپ ئۇخلاش:** بەزى كىشىلەر بىر كۈنلۈك ھېرىپ - چارچاش ھېسابىغا ھەر كۈنى كەچتە بىرەر رومكا ھاراق ئىچىۋېلىپ ئۇخلاشنى ياخشى كۆرىدۇ. ئەمەلىيەتتە، كەچتە ھاراق ئىچىپ ئۇخلاش ھەرگىزمۇ ياخشى ئادەت ئەمەس. ئۇخلاشتىن ئىلگىرى ئادەمنىڭ ھەرقايسى ئەزالىرىنىڭ خىزمەت ئىقتىدارى تەدرىجىي ئاجىزلاپ، چوڭ مېڭە پوستلاق قەۋىتى تورمۇزلىنىپ، يۈرەك سېلىشى ئاستىلاپ، قان بېسىمى تۆۋەنلەپ، نەپەس ئېلىشى ئاجىزلىشىپ، ئاشقازان - ئۈچەيلەرنىڭ لۆمۈلدىشى توختاپ ئۇخلاش ھالىتىگە كىرىدۇ. ئەگەر، ئۇخلاشتىن بۇرۇن ھاراق ئىچسە ئادەمنىڭ چوڭ مېڭە پوستلاق قەۋىتى بۇزغۇنچىلىققا ئۇچراپ، يۈرىكى سالىدۇ، نەپەس ئېلىشى كۈچىيىدۇ، ئاشقازان - ئۈچەيلەرنىڭ لۆمۈلدىشى تېزلىشىدۇ، قان بېسىمى ئۆرلەيدۇ. بۇنىڭ بىلەن نورمال ئۇخلىشىغا تەسىر

يېتىدۇ. ئۇيقۇدىن ئويغانغاندا، بېشى ئاغرىش، قېيىش، ئاغزى پۇراش، گېلى قۇرۇش، كۆڭلى ئېلىشىش، ھەتتا قۇسۇش قاتارلىق ئەھۋاللار كۆرۈلىدۇ. شۇڭا ئۇخلاشتىن بۇرۇن ھاراق ئىچمەسلىك لازىم.

**كۆپ ئۇخلاش:** بەزى كىشىلەر كۆپ ئۇخلاشنى ياخشى كۆرىدۇ. ئۇلار «كۆپ ئۇخلاش بىر خىل ئەڭ ياخشى ھوزۇرلىنىش» دەپ قارايدۇ. بۇنداق قاراشنىڭ ئىلمىي ئاساسى يوق. ھەممىگە مەلۇمكى، ئادەم ئۇخلىغان ۋاقىتتا چوڭ مېڭىسىنىڭ پوستلاق قەۋىتى تورمۇزلىنىش ھالىتىدە تۇرىدۇ. ئەتىگەندە ئويغانغاندىن كېيىن ئادەم ساپ ھاۋا بىلەن نەپەسلىنىشكە ۋە مۇۋاپىق ھەرىكەت قىلىشقا ئەڭ موھتاج بولىدۇ. بۇ ئارقىلىق چوڭ مېڭە پوستلاق قەۋىتىنىڭ ئۇخلىغان ۋاقىتتىكى تورمۇزلىنىش ھالىتى يوقىلىپ، ئادەمنىڭ ئىچكى ئەزالىرى ۋە پۈتۈن بەدەن بوغۇملىرىنىڭ ھەرىكىتى ناھايىتى تېزلىكتە ماسلىشىپ كېتىدۇ. نەتىجىدە بىر كۈنلۈك خىزمەت ۋە ئۆگىنىش ياخشى ئېلىپ بېرىلىدۇ. ئەگەر ئەتىگەندە كۆپ ئۇخلىسا كۈندۈزدىكى خىزمەتلەرنىمۇ ئۈنۈملۈك ئىشلەتكىلى بولمايدۇ. ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئادەم بەدىنىنىڭ قارشىلىق كۈچى ۋە مۇھىتقا ماسلىشىش ئىقتىدارىمۇ ئاجىزلاپ، ناھايىتى ئاسانلا زۇكام ۋە نەپەس يولى يۇقۇملىنىش كېسەللىكىگە گىرىپتار بولىدىغان بولۇپ قالىدۇ. تارىختا ئۆتكەن تېببىي ئالىملارمۇ «بالدۇر يېتىپ، بالدۇر قوپۇش كىشىنى ساغلاملاشتۇرىدۇ» دېگەنىدى.

**خاپىچىلىقتىن ھاراق ئىچىش:** بەزى كىشىلەر كۆڭۈلسىزلىكلەرگە يولۇققاندا، چۈشكۈنلىشىپ دائىم ھاراق ئىچىپ مەست بولۇپ يۈرىدۇ. خاپىچىلىقتا ھاراق ئىچىدىغان كىشىلەر ئەسلىدىنلا جىسمانىي ۋە روھىي جەھەتتىن ساغلام بولمىغانلىقى، ھەمدە ئۇلارنىڭ ھەر قايسى ئەزالىرىنىڭ كېسەللىككە قارشى تۇرۇش ئىقتىدارىمۇ كۆرۈنەرلىك ھالدا تۆۋەنلەپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن، ئۇلار ئازراق ئىچىپ قويسىلا باشقا كىشىلەرگە قارىغاندا ناھايىتى ئاسانلا مەست بولۇپ قالىدۇ. بۇنىڭ سەۋەبى كىشىلەر كۆڭۈلسىزلىككە ئۇچرىغان ۋاقىتتا ھاراق ئىچسە، جىگەرنىڭ يۈكى ئېغىرلىشىپ كېتىش بىلەن بەدەندىكى ئىسپىرتنى بىرتەرەپ قىلىشقا ئۈلگۈرەلمەي قالىدۇ ـ دە، قاندىكى ئىسپىرتنىڭ مىقدارى ئېشىپ كېتىدۇ. نەتىجىدە، چوڭ مېڭە پوستلاق قەۋىتىنىڭ تورمۇزلىنىشىمۇ تەدرىجىي كۈچىيىپ، تۆۋەنكى مەركىزىي نېرۋىلارنى ئىدارە قىلىش ئىقتىدارى تۆۋەنلەپ ئۆزىنى باشقۇرۇش ئىقتىدارى قالايمىقانلىشىش بىلەن روھىي ۋە جىسمانىي كېسەللىكلەرنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. شۇڭا كىشىلەر كۆڭۈلسىزلىككە ئۇچرىغاندا كۆپ ھاراق ئىچمەسلىك كېرەك.

**كىچىك تەرەتنى قىسىۋېلىش:** كۆپ ساندىكى كىشىلەر خىزمەت ئالدىراش بولغان، ئويۇن ـ تاماشىغا قاتتىق بېرىلىپ كەتكەن ياكى ئىسسىق يوتقاندا ياتقان چاغلاردا كىچىك تەرىتى قىستاپ كەتكەن بولسىمۇ ھورۇنلۇق قىلىپ ئۇنى ۋاقتىدا بىرتەرەپ قىلمايدۇ. كىچىك تەرەت قىستىغاندا ئۇنى ۋاقتىدا بىرتەرەپ قىلمىسا ناھايىتى ئاسانلا دوۋسۇن



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com





يالluغى قاتارلىق كېسەللىكلەرنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. كىچىك تەرەت بۆرەك ۋە سۈيدۈك يولى ئارقىلىق سىرتقا چىقىرىلىدۇ. ئەگەر، سۈيدۈك دوۋسۇندا داۋاملىق ساقلىنىۋەرسە، دوۋسۇن بارغانسېرى چىڭقىلىپ سەزگۈ نېرۋىلارنىڭ ئىقتىدارى ئاجىزلىشىپ، سۈيدۈك چىقىرىش راۋان بولماسلىقتەك ئەھۋاللار پەيدا بولىدۇ. نەتىجىدە كېسەللىك بارغانسېرى سۈيدۈك يولىغىچە كېڭىيىپ، سۈيدۈك يولى دىۋارى قىزىرىپ ئىششىش بىلەن سۈيدۈك چىقىرىش راۋان بولماي كىچىك تەرەت قىلغاندا ئاغرىشتەك نورمالسىز ئەھۋاللار كۆرۈلىدۇ. سۈيدۈك دوۋسۇندا يەنە ئۇزۇن ۋاقىت ساقلىنىپ تۇرۇۋەرسە سۈيدۈكتە مىكروب ۋە ئاق قان دانىچىلىرى پەيدا بولۇپ دۇغلىشىپ قالىدۇ. كىشىنى تېخىمۇ تەشۋىشلەندۈرىدىغىنى شۇكى، ئامېرىكا ئالىملىرىنىڭ تەتقىقات دوكلاتىدا، پات - پات كىچىك تەرەتنى قىستاش ئادىتى بار كىشىلەرنىڭ دوۋسۇن راكىغا گىرىپتار بولۇشى ئادەتتىكى كىشىلەرگە قارىغاندا بەش ھەسسە يۇقىرى بولىدىكەن.

**قۇلاقنى كولاش:** بەزى كىشىلەر چاچ چازىسى، سەرەڭگە تېلى، قاتتىق ۋە ئۇچلۇق نەرسىلەر بىلەن قۇلىقىنى كولاشنى ياخشى كۆرىدۇ. بۇنداق قىلىش ياخشى ئادەت ئەمەس. قۇلاقنى قالايمىقان كولىغاندا تاشقى قۇلاق يولى تېرىلىرى ئاسانلا زەخىملىنىدۇ ۋە قۇلاققا مىكروب كىرىپ يۇقۇملىنىش، قىسمەن جايلار قىزىرىپ «تاشقى قۇلاق يولى ياللۇغى» ياكى «تاشقى قۇلاق يولى زەخىملىنىش» قاتارلىق كېسەللىكلەرنى پەيدا قىلىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا، يەنە قۇلاق ئىچىدىكى ناغرا پەردىلەر زەخىملىنىپ ئاڭلاش سېزىمى ئاجىزلاپ كېتىدۇ. قۇلاق ناغرا پەردىسى زەخىملەنگەندىن كېيىن مىكروبلار قۇلاققا ناھايىتى ئاسانلا كىرىپ ئوتتۇرا قۇلاق ياللۇغى ۋە قۇلاقتىن يىرىڭ ئېقىش قاتارلىق كېسەللىكلەرنى پەيدا قىلىدۇ.

**بۇرۇننى كولاش:** بەزى كىشىلەر قولى بوش ۋاقىتلاردا دائىم بارمىقى بىلەن بۇرنىنى كولايدۇ. بۇرۇن نەپەس يولىنىڭ «دەرۋازىسى» بولۇپ، بۇرۇن ئىچىگە ئۆسكەن تۈكچىلەر بۇرۇنغا سىرتتىن كىرىدىغان چاڭ - توزانلارنى سۈزۈۋېلىشتا سۈزگۈچلۈك رولىنى ئوينايدۇ. ئۇ خۇددى «دەرۋازا» ساقلايدىغان قاراۋۇلدەك، نەپەس يولىنىڭ «دەرۋازىسى» نى قوغداپ ھاۋادىكى چاڭ - توزانلار، غەيرىي ماددىلار، باكتېرىيەلەر ۋە ۋىرۇسلارنىڭ نەپەس يولىغا كىرىۋېلىشىنى توسايدۇ، ئەگەر دائىم بۇرۇننى كولىغاندا، بۇرۇندىكى ئۇرغۇنلىغان تۈكچىلەر يۇلۇنۇپ كېتىپلا قالماي، بەلكى يەنە بۇرۇن شىللىق پەردىسى زەخىملىنىش ۋە بۇرۇن بوشلۇقىنىڭ كېسەللىكلەردىن مۇداپىئەلىنىش ئىقتىدارى ئاجىزلىشىپ كېتىشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا، تىرناق ئارىلىقلىرىدا دائىم دېگۈدەك كېسەللىك قوزغاتقۇچلار بولۇپ، بۇرۇننى كولىغاندا ئۇلار كېسەللىكلەرنى تارقىتىش رولىنى ئوينايدۇ. شۇڭا، دائىم بۇرنىنى كولاپ ئادەتلىنىپ قالسا ناھايىتى ئاسانلا بۇرۇن ياللۇغى، قوشۇمچە بۇرۇن كاۋاكلىرى ياللۇغى ھەمدە يۇقىرىقى نەپەس يولى يۇقۇملىنىش قاتارلىق كېسەللىكلەرگە گىرىپتار بولىدۇ.

شۇڭا سالامەتلىككە زىيان يەتكۈزىدىغان تۈرلۈك ناچار ئادەتلەردىن ھەر ۋاقىت ساقلىنىش لازىم.

(ماتېرىيالدىن ئېلىندى)

# ھۈجەيرە سەۋىيەسىدىن ئادەم بەدىنىگە نەزەر

ئادەم بەدىنىدىكى سىرلارنى ئادەم بەدىنىنى تەشكىل قىلغان مىلياردلىغان ھۈجەيرىلەرنىڭ ھەرىكىتى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.

بۇنىڭدىن 300 يىل بۇرۇن گوللاندىيەلىك لېۋىن خوك تۇنجى ئوپتىكىلىق مىكروسكوپىنى كەشىپ قىلغاندىن كېيىن ئاندىن ئىنسانلارنىڭ ھۈجەيرە توغرىسىدىكى چۈشەنچىسى چوڭقۇرلىششقا باشلىدى. 19 - ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىغا كەلگەندە، تەكشۈرۈش ۋە تەتقىق قىلىشنىڭ ئۈزلۈكسىز چوڭقۇرلىششىغا ئەگىشىپ ئىككى نەپەر گېرمانىيەلىك ئالىم شلېيدېن بىلەن شۋان بارلىق ھايۋانلار ۋە ئۆسۈملۈكلەر ھۈجەيرىدىن تۈزۈلگەن دېگەن دەۋر خاراكتېرلىك ئەھمىيەتكە ئىگە ھۈجەيرە تەلىماتىنى ئوتتۇرىغا قويدى.

### ئادەم بەدىنىدىكى ھۈجەيرىلەرنىڭ سانى بەك نۇرغۇن

سىرتتىن قارىغاندا ئادەم بەدىنى باش، بويۇن، گەۋدە ۋە پۇت - قولدىن تۈزۈلگەن بولىدۇ، ئەمما ئادەم بەدىنىنىڭ ئىچكى قىسمىنى بولسا نۇرغۇن مۇرەككەپ توقۇلمىلار، ئەزالار ۋە سىستېمىلار تەشكىل قىلىدۇ. بۇلارنىڭ ھەممىسى ھۈجەيرىدىن تۈزۈلگەن، ئادەم بەدىنىدىكى بارلىق ھۈجەيرىلەرنى قوشقاندا ئۇلارنىڭ ئومۇمىي سانى ئاز دېگەندىمۇ ھازىرقى يەر شارىدىكى ئومۇمىي نوپۇسنىڭ ئون مىڭ ھەسسىسىدىن ئاشىدۇ. دەل مۇشۇنداق مورفولوگىيەسى ۋە ئىقتىدارى ئۆزئارا ئوخشاش بولمىغان ھۈجەيرىلەرنىڭ ماسلىششى ئاستىدا ئادەم ھاياتىنى داۋاملاشتۇرالايدۇ ھەم يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ئۆگىنىش ۋە ئىجادىيەت ئېلىپ بارالايدۇ.

ئادەم تېنىدە گەرچە بەك نۇرغۇن ھۈجەيرىلەر بولسىمۇ، بىراق ھاياتلىق دەسلەپكى باسقۇچتا پەقەت بىر دانە تاق ھۈجەيرە — ئۇرۇقلانغان تۇخۇمدىن باشلىنىدۇ. ھۈجەيرە سەۋىيەسىدىن ئېيتقاندا، ئۇرۇقلانغان تۇخۇمدىكى ئىرسىيەت ماددىلىرى ئورگانىزمدىكى بارلىق ئىرسىي ئۇچۇرلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولغاچقا، ئۇرۇقلانغان تۇخۇم ئۈزلۈكسىز بەلگىلىك تەرتىپ بويىچە بۆلۈنۈپ يېتىلىپ ئەڭ ئاخىرى ئۆرە ماڭالايدىغان، تەرەققىي قىلغان مېڭىسى، ئەپچىل ئىككى قولى بولغان شۇنداقلا يەنە بىر قاتار فىزىيولوگىيەلىك ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە بولغان يۈكسەك ھاياتلىق يەككە تەنگە ئايلىنىدۇ. شۇڭا ئادەم بىلەن ھايۋانلارنىڭ پەرقى يەنىلا ھۈجەيرە سەۋىيەسىدىكى پەرقتىن ئىبارەت دەپ ئېيتىشقا بولىدۇ.

### تەرەققىي قىلغان مېڭە ھۈجەيرىسى

14 مىليارد مېڭە ھۈجەيرىسىدىن تۈزۈلگەن مېڭىدە، ھەربىر مېڭە ھۈجەيرىسى يەنە مىليونلىغان دەرەخسىمان ئۆسۈكچىلەر ئارقىلىق باشقا مېڭە ھۈجەيرىلىرى بىلەن تۇتۇشۇپ ئەڭ ئاخىرى سانى زور بولغان نېرۋا ئۆتۈشمە تورلىرىنى ھاسىل قىلىدۇ. نۆۋەتتە نۇرغۇن مۇتەخەسسىسلەر، ئادەمنىڭ خاتىرىسى ئايرىم - ئايرىم مۇشۇ خىل ئوخشاش بولمىغان نېرۋا ئۆتۈشمە تورلىرىدا زاپاس ساقلىنىدۇ دەپ قارىماقتا. ئەگەر چوڭ مېڭىدىكى بۇ نېرۋا تورلىرىنى بىر چوڭ گۈللۈككە ئوخشاتساق، ئۇ ھالدا پۈتۈن دۇنيادىكى ھازىر بار بولغان ئالاقىلىشىش تورلىرى پەقەت بۇ گۈللۈكتىكى بىر تۈپ كىچىك گۈلدىنلا ئىبارەت بولىدۇ.

چوڭ مېڭىدىن باشقا، ئادەم بەدىنىدىكى باشقا فىزىيولوگىيەلىك ئىقتىدارلارنىڭ ھەممىسى شۇنىڭغا ماس ھالدا ئوخشاش بولمىغان ھۈجەيرىلەرنىڭ



ھەرىكىتى ئارقىلىق ئېلىپ بېرىلىدۇ.

## ھەرقايسى قىسىملاردىكى ھۈجەيرىلەرنىڭ رولى

بۇرۇن بوشلۇقىدىكى ئون مىليونغا يېقىن پۇراش سېزىمى ھۈجەيرىلىرى ئوخشاش بولمىغان گاز مولېكۇلىلىرىنىڭ غىدىقلىشىغا ئۇچرىغاندىن كېيىن ئادەمدە پۇراق سېزىمى پەيدا بولىدۇ. تىلدىكى تەخمىنەن 500 مىڭدىن ئارتۇق تەم سەزگۈچى ھۈجەيرىلەر چۈچۈمەل، تاتلىق، ئاچچىق، تۇزلۇقتىن ئىبارەت تۆت خىل ئاساسىي تەم سەزگۈسى ئاساسىدا تېخىمۇ كۆپ تەملەرنى سېزىدۇ.

ئاۋاز دولقۇنى قۇلاق سۇپىرىسى ئارقىلىق ئىچكى قۇلاقتىكى قۇلاق قۇلۇلىسىغا يېتىپ بارغاندىن كېيىن، ئاڭلاش سېزىمى ھۈجەيرىلىرى ئۇلارنى چاستوتىسى ۋە كۈچلۈك ـ ئاجىزلىقى ئوخشاش بولمىغان تەۋرىنىش سىگنالىغا ئايرىپ، ئاندىن چوڭ مېڭىگە يەتكۈزۈپ بېرىدۇ.

تېرىدىكى سەزگۈچى ھۈجەيرىلەرنىڭ تۈرىمۇ ناھايىتى كۆپ، ئۇلار ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا ئىسسىق، سوغۇق، بېسىش، تېگىش، ئاغرىش ۋە تەۋرىنىش قاتارلىق سېزىملەرنى سېزەلەيدۇ.

كۆزنى يۇقىرىدىكى بىرقانچە سەزگۈ ئەزالارغا سېلىشتۇرغاندا ئۇنۇمى بىرقەدەر يۇقىرى بولىدۇ. چوڭ مېڭە ئىگە بولغان كۆپ قىسىم ئۇچۇرلارنى كۆزنىڭ كۆرۈش سېزىمى رولىدىن كېلىدۇ دەپ ئېيتىشقا بولىدۇ. ئادەمنىڭ كۆرۈش سېزىمى ھۈجەيرىلىرى شەكىللىنىش جەھەتتە كۆرۈش تاياقچە ھۈجەيرىلىرى ۋە كۆرۈش كونۇس ھۈجەيرىلىرى دەپ ئىككىگە بۆلۈنىدۇ. ئۇلارنىڭ ئىقتىدارىمۇ پەرقلىنىدۇ. كۆرۈش تاياقچە ھۈجەيرىلىرى ئاجىز نۇر بىلەن رەڭسىز سۈرەتنى سېزىدۇ، كۆرۈش كونۇس ھۈجەيرىلىرى بولسا پەقەت كۈچلۈك نۇر بىلەن رەڭلەرنىلا سېزىدۇ. ئادەمنىڭ كۆزىدە بۇ ئىككى خىل ھۈجەيرە بولغاچقىلا نەرسىلەرنى ئېنىق كۆرەلەيدۇ. بەزى ھايۋانلارنىڭ كۆزى ئادەملەرنىڭكىگە ئوخشىمايدۇ. مەسىلەن، مۈشۈكياپىلاقنىڭ پەقەت كۆرۈش تاياقچە ھۈجەيرىسىلا بولغاچقا، شۇڭا ئۇلار كۈندۈز قارىغۇسى ھېسابلىنىدۇ، كەپتەر بىلەن توخۇنىڭ بولسا پەقەت كۆرۈش كونۇس ھۈجەيرىسىلا بولغاچقا، شۇڭا ئۇلار ناماز شام قارىغۇسى ھېسابلىنىدۇ.

سۆڭەك ئىنتايىن قاتتىق بولىدۇ، مۇسكۇللارنىڭ قىسقىرىشى بىلەن ئورگانىزم ھەرىكەتلىنىدۇ. مۇسكۇلنى تەشكىل قىلغۇچى مۇسكۇل ھۈجەيرىلىرىدە نۇرغۇن مۇسكۇل ئىپتىدائىي تالالىرى بولىدۇ، ئۇلارنىڭ قىسقىرىشى نەتىجىسىدە مۇسكۇللارنىڭ قىسقىرىشى كېلىپ چىقىدۇ. ئاشقازان، ئۈچەيلەرنىڭ لۆمۈلدەش ھەرىكىتىنى باشقۇرىدىغان مۇسكۇل سىلىق مۇسكۇل دەپ ئاتىلىدۇ. يۈرەكنى تەشكىل قىلغان مۇسكۇل يۈرەك مۇسكۇلى دەپ ئاتىلىدۇ. سۆڭەك ھەرىكىتىنى باشقۇرىدىغان مۇسكۇل سۆڭەك مۇسكۇلى دەپ ئاتىلىدۇ. سۆڭەك مۇسكۇلىدىكى مۇسكۇل ھۈجەيرىلىرىنىڭ ئالاھىدىلىكى مېڭە ھۈجەيرىلىرىنىڭكىگە ئوخشاپ كېتىدۇ، يەنى ئۇلار بۆلۈنۈپ يېتىلگەندىن كېيىن سانىدا ئاساسىي جەھەتتىن ئۆزگىرىش بولمايدۇ. زەخىملەنگەن تەقدىردىمۇ ناھايىتى تەستە قايتا تولۇقلىنىدۇ. چېنىققاندا ھەربىر مۇسكۇل ھۈجەيرىسى يوغىنايدۇ، قىسقىرىش كۈچى كۈچىيىدۇ، ئەمما سانى ئاشماي-

دۇ. شۇڭا ھۇجەيرە سەۋىيەسىدىن ئېيتقاندا، ئادەمنىڭ ھەرىكەت ئىقتىدارى چەكلىك بولىدۇ.

مۇسكۇل ھۇجەيرىلىرىنىڭ ئەكسىچە، قاندىكى قىزىل قان ھۇجەيرىلىرى ئۈزلۈكسىز يېڭىلىنىپ تۇرىدۇ. نورمال بىر ئادەم تېنىدە تەخمىنەن 25 تىرىليون دانە قىزىل قان ھۇجەيرىسى بولىدۇ، بىراق ھەربىر قىزىل قان ھۇجەيرىسىنىڭ ئۆمرى تۆت ئايدىن ئاشمايدۇ.

ئادەم بەدىنىدىكى بۇ ھۇجەيرىلەرنىڭ مورفولوگىيەسى ھەرخىل بولسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ ھەممىسى يات نەرسىلەرنى پەرقلەندۈرۈش، شۇنداقلا يەنە زەئىپلەشكەن ۋە شەكلى ئۆزگەرگەن ھۇجەيرىلەرنى ئۆلتۈرۈش ئىقتىدارىغا ئىگە. ئۇلارنىڭ جاپالىق خىزمىتى نەتىجىسىدە ئادەم بەدىنى مۇقىم ھالەتتە تۇرىدۇ. ئەمما بەزىدە ئۇلار غەيرىي ھۇجەيرە، يەنى راك ھۇجەيرىسى بىلەن كۈرەش قىلغاندا يېڭىلىپمۇ قالىدۇ. نەتىجىدە راك ھۇجەيرىسى ئۈزلۈكسىز كۆپىيىپ ئەڭ ئاخىرى ئادەمنىڭ ئۆلۈشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.

ئومۇمەن، ئادەم بەدىنى بىر پۈتۈن گەۋدە بولۇپ، ئۇ بەدەندىكى ھەرخىل ھۇجەيرىلەرنىڭ ئورتاق ھەرىكىتى ئاستىدا ھاياتىنى ساقلاپ قالىدۇ ۋە ئەۋلاد قالدۇرىدۇ. نۇرغۇن كېسەللىكلەرنى تېگى-تەكتىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا ھۇجەيرىلەرنىڭ غەيرىي ئۆزگىرىشى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. شۇڭا ھۇجەيرىلەرنىڭ غەيرىي ئۆزگىرىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان ئامىللارنى تاپقاندىلا ئاندىن ئىنسانلارغا تېخىمۇ زور بەخت ئېلىپ كەلگىلى بولىدۇ.

(ماتېرىيالدىن ئېلىندى)

# ئاپتورلار سەمىگە

ژۇرنىلىمىزنىڭ كەلگۈسى تەرەققىياتى ئۈچۈن ئۈزلۈكسىز قەلەم تەۋرىتىپ كېلىۋاتقان كەڭ ئاپتورلىرىمىز بىلەن ئالاقىلىشىشقا ۋە قەلەم ھەققىنى تارقىتىشقا قولايلىق بولۇش ئۈچۈن تۆۋەندىكىلەرنى سەمىمىيلىك بىلەن ئەسكەرتىمىز.

1. ئەسەر ئەۋەتكەندە ئېنىق ئادرېسىڭىز، ئىسىم-فامىلىڭىز قاتارلىقلارنىڭ ئۇيغۇرچە ۋە خەنزۇچە يېزىلىشىنى كىملىكتىكى يېزىلىشى بويىچە تولۇق يېزىپ ئەۋەتىڭ. پوچتا نومۇرى ۋە يانفون نومۇرىڭىزنى ئەسكەرتىشنى ئۇنتۇماڭ.

2. خېتىڭىز ئېنىق، قۇر تاشلاپ يېزىلغان ياكى شارائىت يار بەرگەن ئەھۋالدا كومپيۇتېر ئارقىلىق بېسىلغان بولسۇن.

3. ئەۋەتكەن ئەسىرىڭىزنىڭ توغرا ۋە ئۆلچەملىك تەرجىمە قىلىنغان خەنزۇچە ماۋزۇسىنىمۇ يېزىپ ئەۋەتىڭ.

4. باشقا مەتبۇئاتلاردا ئېلان قىلىنغان ئەسەرلەرنى ئەۋەتىشكە بولمايدۇ، ئەگەر شۇنداق ئەھۋاللار بايقالسا مەسئۇلىيەت سۈرۈشتە قىلىنىدۇ ۋە كېلىپ چىققان ئاقىۋەتكە ئۆزىڭىز ئىگە بولىسىز.

5. ئەسەر ئەۋەتكەندە ئۆزىڭىزدە چوقۇم بىر نۇسخا قالدۇرۇپ قويۇڭ، ئەۋەتىلگەن ھەرقانداق ئەسەر قايتۇرۇلمايدۇ.

6. ژۇرنىلىمىزدا ئېلان قىلىنغان ئەسەرلەرنىڭ تارقىتىش ھوقۇقى بىزدە، باشقا جايلاردا كۆچۈرۈپ ئېلان قىلىشقا بولمايدۇ.

7. تور ئارقىلىق تەرجىمە ئەسەر ئەۋەتكەندە خەنزۇچە ئارگىنالىنى قوشۇپ ئەۋەتىڭ.

www.uyghurkitap.com



# تەبىئىي يېمەكلىك دېگەن نېمە

جۇڭگونى ئۆز ئىچىگە ئالغان نۇرغۇن دۆلەتلەر ۋە رايونلاردا «تەبىئىي يېمەكلىك» كە قارىتا ئېنىق ئۇقۇم يوق، دېمەك ھەربىر ئادەمنىڭ بۇ توغرىلىق ئۆز ئالدىغا ئۇقۇمى بولىدۇ، تىجارەتچىلەر سودا - سېتىق داۋامىدا ئېيتقان «تەبىئىي يېمەكلىك» ئوزۇقلۇقشۇناسلار ئېيتقان «تەبىئىي يېمەكلىك» بولۇشى ناتايىن ھەم شۇنداقلا بىز ئويلىغان «تەبىئىي يېمەكلىك» بولۇشىمۇ ناتايىن.

«تەبىئىي يېمەكلىك ساغلاملىققا ۋەكىللىك قىلىدۇ» دەيدىغان نەزەرىيە ئۆز خاھىشىمىزنى ئىپادىلىسىمۇ، ئەمما نۇرغۇن كىشىلەر بۇنىڭغا مۇتلەق ئىشىنىدۇ. ئىلمىي پاكىتلارغا ئۇيغۇن كەلسۇن - كەلمىسۇن، ئىستېمالچىلارنىڭ «ئىشەنچىسى» ئىنتايىن يۇقىرى سودا قىممىتىگە ئىگە، شۇڭا يېمەكلىك كەسىپدىكىلەرنىڭ «تەبىئىي يېمەكلىك» لەرنى سېتىش نۇقتىسى قىلىشى تەبىئىي. ئەمما ئېيتىلىۋاتقان «تەبىئىي» بىلەن «ھەقىقەتەن تەبىئىي» بولۇش بولماسلىقى نۇرغۇن تالاش - تارتىشلارنى پەيدا قىلدى.

2014 - يىلى 11 - ئاينىڭ 26 - كۈنى، ھاۋايىدىكى مەلۇم بىر سوت مەھكىمىسى «تەبىئىي يېمەكلىك» بەلگىسى قويۇلغان دەۋانى كېلىشتۈردى. بۇ بىرقاتار دەۋالاردا كارگىل شىركىتىنىڭ تاتلىق تەم خۇرۇچى بولغان تىرۇۋىيانى «تەبىئىي» دېيىش ئارقىلىق ئىستېمالچىلارنى ئازدۇرغانلىقى ئەيىبلەنگەن. ئىككى تەرەپ كېلىشكەندىن كېيىن، كارگىل شىركىتى 6 مىليون 100 مىڭ دوللار تۆلەم تۆلىگەن، بىراق تىرۇۋىيانى «تەبىئىي تاتلىق تەم خۇرۇچى» ۋە «تەبىئىي، ئىسسىقلىق مىقدارى يوق تاتلىق تەم خۇرۇچى» دەپ ئاتاش ھوقۇقىنى ساقلاپ قالغان، پەقەت شىركەت مەھسۇلات ماركىسىنىڭ ئۈستىگە يۇلتۇز بەلگىسى قويۇپ ئىزاھات بەرسىلا، ئىستېمالچىلارنى شىركەتنىڭ تور بېتىگە چىقىپ «سوئال ۋە جاۋاب» نى ئوقۇش ئارقىلىق، مەزكۇر مەھسۇلاتنىڭ قانداق ئىشلەپچىقىرىلىدىغانلىقى ھەمدە نېمە ئۈچۈن كارگىل شىركىتىنىڭ بۇ مەھسۇلاتنى تەبىئىي دەيدىغانلىقىنى ئەتراپلىق چۈشىنىپ بېقىشىغا تەكلىپ قىلسىلا بولاتتى.

نېمە ئۈچۈن مۇشۇنداق «بىر - بىرىگە زىت» بولغان نەتىجە كېلىپ چىقىدۇ؟ كارگىل شىركىتىنىڭ تاتلىق تەم خۇرۇچى زادى تەبىئىيمۇ ئەمەسمۇ؟

دەۋالاشقۇچى تەرەپ مۇنداق دەپ قارىغان، تىرۇۋىيادا ستېۋىيە ئوتىدىن ئايرىۋېلىنغان ماددا ۋە ئېرىتروزادىن ئىبارەت ئىككى خىل تەركىب بار. گەرچە ئالدىنقىسى تەبىئىي ئۆسۈملۈك ستېۋىيە ئوتىنىڭ يوپۇرمىقىدىن ئېلىنغان بولسىمۇ، بىراق ئايرىش ۋە كېيىنكى بىر تەرەپ قىلىش جەريانىدا ئۇنى يەنە «تەبىئىي مەھسۇلات» دەپ قاراشقا بولمايدۇ. ئېرىتروزا بولسا گېنى ئۆزگەرتىلگەن كۆممىقوناقتىن ئايرىپ ئېلىنغان كىراخمالنى ئېنزىمدە ئېرىتىش ئاندىن مىكرو ئورگانىزىملار ئارقىلىق ئېچىتىش ئارقىلىق ھاسىل بولىدۇ، بۇنداق ئېرىتروزا «بىرىكمە مەھسۇلات» بولۇپ، «تەبىئىي مەھسۇلات» دەپ ئاتاشقا بولمايدۇ.

گەرچە كارگىل شىركىتى 6 مىليون 100 مىڭ دوللار تۆلەم بېرىپ دەۋالاشقۇچىلار بىلەن كېلىشكەن بولسىمۇ، ئەمما ئۇلار دەۋاگەرلەرنىڭ ئەيىبلىشىنى قوبۇل قىلمىغان. ئۇلار مۇنداق دەپ قارىدى: ستېۋىيە ئوتىدىن ئايرىۋېلىنغان ماددا تەبىئىي ماتېرىيال، ئېرىتروزا ئېچىتقۇنىڭ ئېچىتىشى ئارقىلىق ئېلىنىدۇ، ئىشلەپچىقىرىش جەريانى ئۈزۈم ھارىقى، پىۋا ۋە قېتىقنىڭكىگە ئوخشاش تەبىئىي؛ كۆممىقوناق كىراخمالى گېنى ئۆزگەرتىلگەن زىرائەتتىن ئېلىنسىمۇ، خۇددى كۆممىقوناق سۈت كالىسىنىڭ يېمى بولغىنىدەك ئۇمۇ پەقەت ئېچىتىش ماتېرىيالى، ئېچىتقۇچ بىلەن سۈت كالىسىنىڭ تەبىئىي بولغىنىدەك، ئېچىتقۇچ ئارقىلىق ئىشلەپچىقىرىلغان ئېرىتروزامۇ كالا سۈتىگە ئوخشاش تەبىئىي بولىدۇ.

بۇ دەۋادا يەڭگۈچى ۋە مەغلۇب بولغۇچى تەرەپنىڭ بولماسلىقىدىكى سەۋەب، نېمىنىڭ تەبىئىي بولىدىغانلىقىغا قارىتا ئىككى تەرەپ كۆز قارىشى بىردەك بولمىغان، بىر - بىرىنىڭكىنى ئېتىراپ قىلمىغان، شۇڭا ئاخىرىدا كېلىشىش ئارقىلىق بىر تەرەپ بولغان.

بۇ «تەبىئىي يېمەكلىك» تالاش - تارتىشىغا مۇناسىۋەتلىك بىردىنبىر دەۋا ئەمەس. 2013 - يىلى تەركىبىدە گېنى ئۆزگەرتىلگەن كۆممىقوناق بولغان يېمەكلىكىنىڭ تەبىئىي دەپ ئاتالغانلىقىغا قارىتا ئۈچ نارازىلىق ئەرزى سۇنۇلغان، بۇ ئۈچ نارازىلىق ئەرزىنى قوبۇل قىلغان سوت مەھكىمىسى ئامېرىكا يېمەكلىك، دورا نازارەتچىلىك باشقۇرۇش ئىدارىسى (FDA) دىن بۇنىڭغا قارىتا ھۆكۈم چىقىرىشنى تەلەپ قىلغان. 2014 - يىلى 1 - ئاينىڭ 6 - كۈنى FDA بۇ تەلەپنى رەت قىلغان. ئۇلارنىڭ كۆرسىتىشىچە، ئۇلار «تەبىئىي» دېگەن سۆزگە رەسمىي ئېنىقلىما بەرمىگەن، پەقەت يېمەكلىك ماركىسىدا ئىشلىتىلگەن «تەبىئىي» نىڭ مەنىسىنى يېشىپ: يېمەكلىككە ھەر خىل مەنبەلىك بىرىكمە تەركىبلەر قوشۇلمىغان، دېگەن چۈشەندۈرۈشنى بەرگەن.

FDA يەنە «تەبىئىي» دېگەن سۆزگە ئېنىقلىما بېرىشنى نېمە ئۈچۈن رەت قىلغانلىقىنى چۈشەندۈرگەن، چۈنكى ئېنىقلىما بېرىش ئىستېمالچىلار جەمئىيىتى، سانائەت ساھەسى ۋە باشقا ھۆكۈمەت ئاپپاراتلىرىغا ئوخشاش جەمئىيەتنىڭ ھەرقايسى تەرەپلىرىگە چېتىلىدىغان بولغاچقا، جەمئىيەتنىڭ ھەرقايسى ساھەسىدىكىلەرنىڭ قاتنىشىشىغا توغرا كېلىدىكەن. ئەگەر ئۇنىڭغا رەسمىي ئېنىقلىما بېرىشكە توغرا كەلگەندە، مۇناسىۋەتلىك ئىلىم، ئىستېمالچىلارنىڭ مايىللىقى، ئىستېمالچىلارنىڭ ئېنىقلىمىدىن ھېس قىلغان ئۇچۇرلىرى؛ خىمىيەلىك ئوغۇت، ئۆسۈشنى تېزلەتكۈچى دورا، كۆپەيتىش تېخنىكىسى، گېن ئۆزگەرتىش تېخنىكىسىغا ئوخشاش يېمەكلىك ئىشلەپچىقىرىشتىكى ھەرخىل يېڭى تېخنىكىلار؛ ناموپېتىر تېخنىكىسى، قىزدىتىپ بىر تەرەپ قىلىش، باكتېرىيە ئۆلتۈرۈش، يورۇتۇش تېخنىكىلىرىدىن ئىبارەت سان - ساناقسىز يېمەكلىك پىششىقلاپ ئىشلەش تېخنىكىلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھەر خىل ئامىللارنى كۆزدە تۇتۇشقا توغرا كېلىدۇ. بۇلاردىن باشقا يەنە جامائەتمۇ قاتنىشىشى كېرەك. مانا شۇنداق مۇرەككەپ ئامىللار تۈپەيلىدىن FDA بۇنىڭغا ئېنىقلىما بېرىشكە ئامالسىز ياكى ئېنىقلىما بەرگىلى بولمايدۇ خالاس. FDA يەنە گېنى ئۆزگەرتىلگەن تەركىبلىك يېمەكلىككە «تەبىئىي» دېگەن بەلگىنى قويۇشقا بولىدىغان - بولمايدىغانلىقىغا قارار چىقىرىشنىمۇ رەت قىلدى.

ئامېرىكىنىڭ گۆش تۈرىدىكى يېمەكلىكلىرى ۋە قۇش تۇخۇملىرى مەھسۇلاتلىرى، ئامېرىكا يېزا ئىگىلىك مىنىستىرلىقى (USDA) نىڭ نازارەتچىلىك، باشقۇرۇشىدا بولىدۇ. ئۇلار «تەبىئىي» دېگەن سۆزنى ئىشلىتىشكە قارىتا: سۈنئىي تەركىبلەر بويىغۇچى ماددىلار قوشۇلمىغان پەقەت ئاددىي بىر تەرەپ قىلىنغان بولۇشى كېرەك، دېگەن چۈشەندۈرۈشنى بېرىدۇ، ئاددىي بىر تەرەپ قىلىش دېگەندە، پىششىقلاپ ئىشلەشتە يېمەكلىك ھالىتىنىڭ تۈپتىن ئۆزگەرتىلمىگەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ.

مەيلى FDA ياكى USDA بولسۇن، «تەبىئىي» دېگەن سۆزنىڭ مەنىسىگە قارىتا ئېنىق قانۇن تەبىرى يوق، ئەمەلىيەتتىمۇ بۇ ئىنتايىن مۈجمەل ئۇقۇم، شۇڭا ئوخشىمىغان كىشىلەر، ئوخشىمىغان ئاپپاراتلارنىڭ «تەبىئىي» دېگەن سۆزنى ئۆزلىرىنىڭ چۈشەنچىسى بويىچە ئىشلىتىشىگە توغرا كېلىدۇ.

ئەنگلىيە، كانادا قاتارلىق ئاز ساندىكى دۆلەتلەر «تەبىئىي» دېگەن سۆزگە سەل توغرا ئېنىقلىما بەرگەن. باشقا دۇنيادىكى كۆپ دۆلەتلەر ۋە رايونلاردا بۇنىڭغا قارىتا ئېنىق ئۇقۇم يوق. جۇڭگومۇ ئەنە شۇ كۆپ ساندىكى دۆلەتلەر ئىچىدە، يەنى ھەربىر ئادەمنىڭ ئۆزى ئويلىغان «تەبىئىي يېمەكلىك» ئۇقۇمى بولىدۇ، تىجارەتچىلەر سودا - سېتىق داۋامىدا ئېيتقان «تەبىئىي يېمەكلىك» ئوزۇقلۇقشۇناسلار ئېيتقان «تەبىئىي يېمەكلىك» بولۇشى ناتايىن ھەم شۇنداقلا بىز ئويلىغان «تەبىئىي يېمەكلىك» بولۇشىمۇ ناتايىن.

**تەرجىمە قىلغۇچى: دىلنۇر ئېزىز**

**مۇھەررىر: پەزىلەت تۇرغۇن**

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com





# بەدەن تېمپېراتۇرىسى: تەن ساغلاملىقىنىڭ كۆرسەتكۈچى

بەدەن تېمپېراتۇرىسى ئادەم بەدىنىنىڭ ئىچكى قىسمىنىڭ تېمپېراتۇرىسىنى كۆرسىتىدۇ. ئادەم بەدىنىنىڭ تېمپېراتۇرىسى نىسبەتەن تۇراقلىق بولىدۇ، نورمال ئادەملەرنىڭ بەدەن تېمپېراتۇرىسىدا 24 سائەت ئىچىدە ئازراق ئۆزگىرىش بولىدۇ، بىراق پەرق بىر گىرادۇستىن ئېشىپ كەتمەيدۇ، تۇراقلىق تېمپېراتۇرىنى ساقلاش مېتابولىزمغا كاپالەتلىك قىلىش ۋە ھاياتلىق ھەرىكىتىنى نورمال داۋاملاشتۇرۇشنىڭ زۆرۈر شەرتى.

## نورمال بەدەن تېمپېراتۇرا دائىرىسى

ئادەم بەدىنىنىڭ نورمال تېمپېراتۇرىسىنىڭ بىرقەدەر تۇراقلىق دائىرىسى بولىدۇ، ئەمما بۇ تۇراقلىق سانلىق قىممەت ئەمەس، ئۇ ۋاقىت، مۇھىت، ئادەم تېنىدىكى ئىچكى ئامىل قاتارلىق نۇرغۇن جەھەتلەرنىڭ تەسىرىگە ئۇچرايدۇ. ھەر كۈنى ئەتىگەن ۋە كەچتە، ئادەمنىڭ تېنىنىڭ ھەر قايسى قىسىملىرى ۋە ئەر - ئاياللارنىڭ بەدەن تېمپېراتۇرىسىدا پەرق بولىدۇ. نورمال ئادەملەرنىڭ ئېغىز بوشلۇقىنىڭ تېمپېراتۇرىسى 36.2℃ تىن 37.2℃ قىچە بولىدۇ، قولتۇقىنىڭ تېمپېراتۇرىسى ئېغىز بوشلۇقى تېمپېراتۇرىسىدىن 0.2℃ تىن 0.5℃ قىچە تۆۋەن بولىدۇ، تۈز ئۈچەينىڭ تېمپېراتۇرىسى ئېغىز بوشلۇقى تېمپېراتۇرىسىدىن 0.2℃ تىن 0.6℃ قىچە يۇقىرى بولىدۇ. بىر كۈن ئىچىدە، سەھەر سائەت ئىككىدىن بەشكىچە بولغان ئارىلىقتا بەدەن تېمپېراتۇرىسى ئەڭ تۆۋەن، چۈشتىن كېيىن

سائەت 5 تىن 7 گىچە بولغان ئارىلىقتا ئەڭ يۇقىرى بولىدۇ، ئەمما بىر كۈن ئىچىدىكى تېمپېراتۇرا پەرقى 0.8℃ تىن ئېشىپ كەتمەيدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا ئاياللارنىڭ بەدەن تېمپېراتۇرىسى ئادەتتە ئەرلەرنىڭكىدىن تەخمىنەن 0.35℃ يۇقىرى بولىدۇ.

**بەدەن تېمپېراتۇرىسىنى تەڭشەش ئۇسۇلى**

ئادەم بەدىنى بەدەن تېمپېراتۇرىسىنىڭ تۇراقلىقلىقىنى قانداق ساقلايدۇ؟ ئەسلىدە ئادەمنىڭ تۆۋەنكى دۆڭ مېڭىسىدە بەدەن تېمپېراتۇرىسىنى تەڭشەيدىغان مەركىزىي تۈگۈن بار بولۇپ، سىرتنىڭ تېمپېراتۇرىسىدا ئۆزگىرىش بولغاندا، تېرە ۋە قان تومۇرلارنىڭ تېمپېراتۇرىنى سېزىش ئەزاسى تېمپېراتۇرا ئۇچۇرىنى نېرۋىلار ئارقىلىق بەدەن تېمپېراتۇرىسىنى تەڭشەش مەركىزى تۈگۈنىگە تېزلىكتە يەتكۈزۈپ بېرىدۇ. مېڭە پوستلاق قەۋىتىنىڭ كونتروللۇقىدا، تېمپېراتۇرىنى تەڭشەش تۈگۈنى بۇيرۇق بېرىپ، پۈتكۈل بەدەن سىستېمىسىنى كونترول قىلىدۇ. قەھرىتان سوغۇق مۇھىتتا، ئادەم بەدىنى ئىسسىقلىقنى ھاسىل قىلىشنى كۆپەيتىپ، ئىسسىقلىق تارقىلىشنى ئازايتىدۇ؛ تومۇز ئىسسىق مۇھىتتا، ئادەم بەدىنى ئىسسىقلىق ھاسىل قىلىشنى ئازايتىپ، ئىسسىقلىقنىڭ تارقىلىشىنى كۆپەيتىدۇ، بۇ ئارقىلىق بەدەن تېمپېراتۇرىسىنىڭ نىسپىي تۇراقلىقلىقىنى ساقلايدۇ.

قىزىپ قېلىش ئادەم بەدىنىنىڭ تېمپېراتۇرىسىنىڭ نورمال تېمپېراتۇرىدىن ئۆرلەپ كېتىشىدەك كېسەللىك ئۆزگىرىشىنى كۆرسىتىدۇ، بۇ ئادەمدە كېسەللىك ئۆزگىرىشى پەيدا بولغانلىقىنىڭ ئىپادىسى. تۆۋەن قىزىتما: بەدەن تېمپېراتۇرىسى 37.5℃ تىن 38℃ قىچە بولىدۇ، ئەگەر تۆۋەن قىزىتمىنىڭ داۋاملىشىش ۋاقتى بىر ئايدىن ئېشىپ كەتسە، ئۇزاق مۇددەتلىك تۆۋەن قىزىتما بولىدۇ. ئوتتۇراھال قىزىتما: بەدەن تېمپېراتۇرىسى 38℃ تىن 39℃ قىچە بولىدۇ، ئەگەر قىزىتمىنىڭ داۋاملىشىش ۋاقتى ئىككى ھەپتە ياكى ئۇنىڭدىن ئۇزاق بولسا، ئۇزاق مۇددەتلىك ئوتتۇرھال قىزىتما بولىدۇ. يۇقىرى قىزىتما: بەدەن تېمپېراتۇرىسى 39℃ تىن يۇقىرى بولسا، قىزىتمىنىڭ داۋاملىشىش ۋاقتى ئىككى ھەپتە ياكى ئۇنىڭدىن ئۇزاق بولسا، ئۇزاق مۇددەتلىك يۇقىرى قىزىتما بولىدۇ، زىيادە قىزىتمىدا ئادەتتە بەدەن تېمپېراتۇرىسى 41℃ تىن يۇقىرى بولىدۇ.

**بەدەن تېمپېراتۇرىسى قانداق ئۆلچىنىدۇ**

بەدەن تېمپېراتۇرىسىنى ئۆلچەشنىڭ ئېغىز، قولتۇق ۋە مەقئەتتىن ئۆلچەشتىن ئىبارەت ئاساسلىق ئۈچ خىل ئۆلچەش ئۇسۇلى بار. بۇلارنىڭ ئىچىدە قولتۇقتىن ئۆلچەش دائىم ئىشلىتىلىدىغان ئۇسۇل. ئاۋۋال قولتۇقتىكى تەر سۈيۈقلۇقىنى پاكىز قۇرۇقداپ ئېيتىش كېرەك، ئاندىن تېرمومېتىرنىڭ سىماب بار ئۇچى قولتۇق ئاستىغا قويۇپ بېلەك بىلەن قىسىمىز، 10 مىنۇتتىن كېيىن ئېلىپ قارايمىز، نورمال قىممەت 36℃ تىن 37℃ قىچە بولىدۇ.

ئېغىزدىن ئۆلچەش ئۇسۇلىدا ئاۋۋال 75℃ لىك ئىسپىرت بىلەن تېرمومېتىرنى دېزىنفېكسىيەلەيمىز، ئاندىن تىلنىڭ ئاستىغا قويۇپ، ئېغىزنى چىڭ يۇمىمىز، بەش مىنۇتتىن كېيىن ئېلىپ قارىساق بولىدۇ، نورمال قىممەت 36.3℃ تىن 37.2℃ قىچە بولىدۇ.

مەقئەتتىن ئۆلچەش ئۇسۇلى كۆپىنچە ھوشسىز كىشىلەر ياكى بالىلارغا قوللىنىلىدۇ، ئاۋۋال كېسەلنى يانچە ياتقۇزۇپ، تېرمومېتىرنىڭ ئۇچىغا ماي سۈركەپ سىلىقلايمىز، ئاندىن تېرمومېتىرنىڭ ئىككىدىن بىر قىسمىنى مەقئەتكە ئاستا - ئاستا كىرگۈزىمىز، ئۈچ مىنۇت تۇرغۇزغاندىن كېيىن ئېلىپ قارايمىز، نورمال قىممەت 36.5℃ تىن 37.7℃ بولىدۇ.

**تەرجىمە قىلغۇچى: دىلنۇر ئېزىز**

**مۇھەررىر: جۇرئەت ھەبىبۇل**

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



# تىل: ئادەم مېڭىسىنىڭ ئالىي ئىقتىدارى

ئادەم مېڭىسىنىڭ سىرتقى قەۋىتىگە جايلاشقان مېڭە پوستلاق قەۋىتىدە 14 مىليارتتىن ئارتۇق نېۋرون بار بولۇپ، نۇرغۇن نېرۋا تۇگۇنچىلىرىنى تەشكىللەيدۇ، بۇ ئادەمنىڭ پۈتكۈل نېرۋا سىستېمىسىدىكى ئالىي ئورۇن. ئۇ تاشقى دۇنيادىكى سېزىمنى ھېس قىلىش ۋە بەدەننىڭ ئىنكاس قايتۇرۇش پائالىيىتىنى كونترول قىلغاندىن سىرت يەنە تىل، ئۆگىنىش، ئەستە ساقلاش ۋە تەپەككۇر قىلىش جەھەتتە ئاجايىپ ئىقتىدارغا ئىگە.

## تىلنىڭ ئىقتىدارى

تىل ـ يېزىق ئىنسانىيەت جەمئىيىتىدە ئۇچۇر يەتكۈزۈشنىڭ ئاساسلىق شەكلى شۇنداقلا ئىنسانلارنىڭ تەپەككۇر قىلىشنىڭ ئاساسلىق قورالى. تىل ئىقتىدارى ئادەم مېڭىسىدە ئالاھىدە بار بولغان ئالىي ئىقتىدار، ئۇ تىل ۋە يېزىققا مۇناسىۋەتلىك بارلىق ئەقلىي پائالىيەتلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، ئادەملەرنىڭ ئاڭلاش، يېزىش، ئوقۇش، سۆزلىشىگە چېتىلىدۇ. بۇ ئىقتىدارلار مېڭە پوستلاق قەۋىتىنىڭ مەلۇم ئالاھىدە رايونلىرى بىلەن مۇناسىۋەتلىك، بۇ رايونلار تىل رايونى دەپ ئاتىلىدۇ.

## تىل رايونى

مېڭە پوستلاق قەۋىتىنىڭ تىل رايونى يېزىش خاراكتېرلىك تىل مەركىزى، ئاڭلاش خاراكتېرلىك تىل مەركىزى، ھەرىكەت خاراكتېرلىك تىل مەركىزى ۋە كۆرۈش خاراكتېرلىك تىل مەركىزىدىن تەركىب تاپىدۇ.

ھەرىكەت خاراكتېرلىك تىل مەركىزى (S رايون) سول مېڭە يېرىم شارىدىكى پېشانىنىڭ تۆۋەنكى ئايلانمىسىنىڭ سىرتقى يېرىقچە قىسمىدا بولىدۇ. بۇ رايون زەخىمگە ئۇچرىغاندا، بىمار خەتنى تونۇيالايدۇ، باشقىلارنىڭ گېپىنى چۈشىنەلەيدۇ، ئەمما ئۆزى گەپ قىلالمايدۇ، تىل ئارقىلىق مەنا ئىپادىلىيەلمەيدۇ، بۇ ھەرىكەت خاراكتېرلىك تىلدىن قېلىش دەپ ئاتىلىدۇ.

ئاڭلاش خاراكتېرلىك تىل مەركىزى (H رايون) چېكىنىڭ ئۈستۈنكى ئايلانمىسىنىڭ ئارقىسىدا بولىدۇ. بۇ مەركەزنىڭ ئىقتىدارى سۆزلەش ۋە ئاڭلاش، باشقىلارنىڭ سۆزىنى چۈشىنىشتىن ئىبارەت. بۇ مەركەز زەخىمگە ئۇچرىغاندا، بىمار باشقىلارنىڭ سۆزىنى چۈشىنەلمەيدۇ، ئەمما ئاڭلاش ئىقتىدارى نورمال بولىدۇ، بۇ سېزىم خاراكتېرلىك تىلدىن قېلىش دەپ ئاتىلىدۇ.

يېزىش خاراكتېرلىك تىل مەركىزى (W رايون) پېشانىنىڭ ئوتتۇرا ئايلانمىسىنىڭ ئارقا تەرىپىدە بولىدۇ، بۇ ئورۇن زەخىمگە ئۇچرىغاندا، گەرچە باشقا ھەرىكەت ئىقتىدارلىرى يەنىلا ساقلانغان بولسىمۇ، ئەمما خەت يېزىش، رەسىم سىزىش قاتارلىق ئىنچىكە ھەرىكەتلەردە توسالغۇ پەيدا بولىدۇ، بۇ كىلىنىكىدا يېزىش خاراكتېرلىك ئىقتىدارىدىن قېلىش دەپ ئاتىلىدۇ.

كۆرۈش خاراكتېرلىك تىل مەركىزى (V رايون)، مېڭىنىڭ چوققا تۆۋەنكى بۆلىكىدە بولۇپ، كۆرۈش مەركىزىگە يېقىن ئورۇندا. بۇ رايون زەخىمگە ئۇچرىغاندا، بىمارنىڭ كۆرۈش سېزىمى توسالغۇغا ئۇچرىمايدۇ، ئەمما ئەسلى خەت تونۇيدىغان ئادەم ئوقۇيالماس بولۇپ قالىدۇ، يېزىق بەلگىلىرىنى چۈشىنىش ئىقتىدارىدىن مەھرۇم قالىدۇ، بۇ ئوقۇش ئىقتىدارىدىن قېلىش دەپ ئاتىلىدۇ.

**تەرجىمە قىلغۇچى: دىلنۇر ئېزىز**
**مۇھەررىر: جۇرئەت ھەبىبۇل**

# نېمە ئۈچۈن كۆرگەن چۈشىمىز ئاسان ئېسىمىزدە قالمايدۇ

ھەممە ئادەم چۈش كۆرىدۇ، ئەمما ھەممە ئادەمنىڭ ئىككىنچى كۈنى سەھەرە قوپقاندا چۈشىنى ئېسىگە ئالالىشى ناتايىن. نۇرغۇن كىشىلەردە مۇنداق تەسىرات بولۇشى مۇمكىن: چۈش كۆرۈۋاتقاندا يۈز بەرگەن ئىشلارنى ناھايىتى ئېنىق ئېسىدە تۇتالايدۇ، يوشۇرۇن ئېڭىدە يەنە ئۆز - ئۆزىگە چۈشۈمنى چوقۇم ئېسىمدە ساقلايمەن، دەيدۇ، بىراق ئىككىنچى كۈنى ئويغانغاندىن كېيىن ھېچنېمىنى ئەسلىيەلمەيدۇ. ئالىملارنىڭ بايقىشىچە ئادەتتە كىشىلەر بىر كېچىدە تۆتتىن ئالتىگىچە چۈش كۆرىدىكەن، تەخمىنەن ئىككى سائەت ئۇيقۇ ۋاقتى چۈش كۆرۈش بىلەن ئۆتىدىكەن. ئۇنداقتا بىز شۇنچە كۆپ چۈش كۆرگەن يەردە، نېمە ئۈچۈن ئويغانغاندىن كېيىن چۈشىمىزنى ئېسىمىزدە تۇتالمايمىز؟

## ئادەم نېمە ئۈچۈن چۈش كۆرىدۇ ؟

ئەمەلىيەتتە چۈش ئادەم ئۇخلاۋاتقان چاغدا يۈز بېرىدىغان نورمال پىسخىكىلىق ھادىسە. ئادەتتىكى ئەھۋالدا ئادەم ئۇخلاۋاتقاندا مېڭە نېرۋا ھۈجەيرىلىرى تورمۇزلاش ھالىتىدە بولىدۇ، بۇنداق تورمۇزلاش جەريانى بەزىدە بىرقەدەر مۇكەممەل، بەزىدە ئۇنچە مۇكەممەل بولماي قالىدۇ. ئەگەر پۈتۈنلەي تورمۇزلاش ھالىتىدە بولمىغاندا، مېڭە پوستىلاق قەۋىتىنىڭ ئاز قىسىم رايونىدىكى نېرۋا ھۈجەيلىرى يەنە جانلىق ھالەتتە بولىدۇ، بۇنىڭ بىلەن ئادەم چۈش كۆرىدۇ. ئاز ساندىكى ھۈجەيرىلەر ئويغاق ھالەتتىكى مېڭە پوستىلاق قەۋىتىنىڭ تىزگىنلىشى ۋە تەڭشىشىدىن مەھرۇم قالغاچقا، خاتىرىمىزدە ساقلانغان مەلۇم كارتىنىلار چەكلىمىسىز جانلىنىپ كېتىدۇ - دە، نورمال پىسخىكىلىق پائالىيەتكە ئوخشىمايدىغان ئاجايىپ - غارايىپ چۈش بولۇپ ئىپادىلىنىشى مۇمكىن. بۇنداق چاغدا تىل ۋە ھەرىكەتكە مۇناسىۋەتلىك نېرۋا ھۈجەيلىرىمۇ جانلىق ھالەتتە بولسا، ئادەم چۈش كۆرۈپلا قالماي يەنە جۆيلۈش ئالامەتلىرىمۇ كۆرۈلىدۇ.

## چۈش قانداق ئەھۋالدا ئېسىمىزدە قالىدۇ ؟

ئۇيقۇ ئىنسانلارغا زۆرۈر بولغان فىزىيولوگىيەلىك پائالىيەت. ھازىرقى زامان پەن - تەتقىقاتىدا ئىپادىلىنىشىچە، ئۇيقۇ ئاستا دولقۇنلۇق ئۇيقۇ ۋە تېز دولقۇنلۇق ئۇيقۇغا بۆلۈنىدىكەن، بۇ ئىككى خىل ئۇيقۇ شەكلى ئالمىشىپ تۇرىدىكەن، بىر ئادەمنىڭ كېچىدىكى سەككىز سائەتلىك ئۇيقۇسىدا، تۆت سائەت ئاستا دولقۇنلۇق ۋە تېز دولقۇنلۇق ئۇيقۇ دەۋرىيلىكى بولىدىكەن. تېز دولقۇنلۇق ئۇيقۇدا ئۇخلاۋاتقاندا ئويغىتىلغان كىشىلەرنىڭ 80% ى چۈش كۆرۈۋاتقان، ئاستا دولقۇنلۇق ئۇيقۇدا ئۇخلاۋاتقاندا ئويغىتىلغان كىشىلەرنىڭ 7% ى چۈش كۆرۈۋاتقان بولىدىكەن.

بىر ئادەمنىڭ ھەر كۈنى كېچىدىكى ئوتتۇرىچە چۈش كۆرۈش ۋاقتى تەخمىنەن بىر يېرىم سائەت بولىدۇ. چۈش ھەمراھ بولغان ئۇيقۇ دەۋرىيلىكىنىڭ ئايلانما قانۇنىيىتى سەۋەبلىك، تېز دولقۇنلۇق ئۇيقۇدىكى كىشىلەر ئويغانغاندا كۆپ چۈش كۆرگەندەك، ئاستا دولقۇنلۇق ئۇيقۇدىكى كىشىلەر ئويغانغاندا كۆپ چۈش كۆرمىگەندەك ھېس قىلىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا كىشىلەر كۆپىنچە تېز دولقۇنلۇق ئۇيقۇدىن ئويغانغاندا كۆرگەن چۈشىنى ئېسىگە ئالالايدۇ، يېڭىلا ئۇيقۇغا كەتكەن چاغدا كۆرگەن چۈشى ئېسىدە قالمايدۇ، بۇمۇ چۈشنىڭ ئەستە قېلىش ياكى قالماسلىقىنىڭ سەۋەبى.

**نېمە ئۈچۈن ئاسان ئويغىنىپ كېتىدىغان كىشىلەرنىڭ چۈشى ئېسىدە قالىدۇ ؟**

بۇ مەسىلىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن فىرانسىيە-

لىك 41 پىدائىي تەجرىبە ئىشلىدى. بۇ پىدائىيلار چۈشنى دائىم ئىسىدە تۇتالايدىغان ۋە تۇتالمايدىغانلار بولۇپ ئىككى تۈرگە ئايرىلدى. تەتقىقاتچىلار مېڭە تەسۋىرى چۈشۈرۈش ئەسلىھەسى ئارقىلىق بارلىق پىدائىيلارنىڭ ئويغاق ۋە ئۇيقۇ ھالىتىدىكى مېڭە پائالىيىتىنى كۆزەتتى.

نەتىجىدە ئىپادىلىنىشىچە، بۇ ئىككى تۈردىكى كىشىلەرنىڭ ئۇيقۇ ۋە ئويغاق ھالەتتىكى مېڭە پائالىيىتىدە كۆرۈنەرلىك پەرق بولغان. چۈشنى ھەمىشە ئىسىدە تۇتالايدىغان كىشىلەرنىڭ مېڭىسىنىڭ ئۇچۇرنى بىرتەرەپ قىلىش مەركىزى ناھايىتى جانلىق ھالەتتە بولۇپ، بۇ رايوننىڭ ھەرىكىتىنىڭ كۆپىيىشى، چۈشنىڭ مەزمۇنىنى ئەستە ساقلاشقا ناھايىتى چوڭ ياردەم بېرىدىكەن. يەنە كېلىپ مەيلى ئۇيقۇ ياكى ئويغاق ھالەتتە بولسۇن، دائىم چۈشنى ئىسىدە تۇتالايدىغان كىشىلەرنىڭ مېڭە پائالىيىتىمۇ ناھايىتى جانلىق ھالەتتە بولىدىكەن شۇنداقلا ئۇلارنىڭ ئاڭلاش سېزىمىغا بولغان ئىنكاسىمۇ كۈچلۈك بولىدىكەن. چۈشنى ئىسىدە تۇتالمايدىغان كىشىلەرگە سېلىشتۇرغاندا، چۈشنى ئىسىدە تۇتالايدىغان كىشىلەر كېچىدە ئاسان ئويغىنىپ كېتىدىكەن.

ئۇلار نېمە ئۈچۈن ئاسان ئويغىنىپ كېتىدۇ؟ تەتقىقاتچىلارنىڭ قارىشىچە، مېڭە پائالىيىتىنىڭ كۆپىيىشى سەۋەبلىك كىشىلەر كېچىدە ئاسانلا ئويغىنىپ كېتىدىكەن ھەمدە قىسقىغىنە ئويغاق ۋاقىتتا، چۈشنى ئېسىگە ئالالايدىكەن. شۇنى بىلىشىمىز كېرەككى، ئۇيقۇ ھالەتتە مېڭە يېڭى ئۇچۇرلارنى ساقلىيالمايدۇ، ئويغاق ۋاقىتتا ئاندىن بۇ ئۇقتىنى ئەمەلگە ئاشۇرغىلى بولىدۇ.

دېمەك چۈشنى دائىم ئىسىدە ساقلىيالايدىغان كىشىلەرنىڭ مېڭىسىدە مەخسۇس چۈشنى ئەستە ساقلاشقا مەسئۇل بولىدىغان رايون بار، شۇڭا ئۇلار چۈشنى ئىسىدە تۇتالايدۇ ھەم ئېنىق ئېسىگە ئالالايدۇ. تەتقىقاتچىلارنىڭ كۆرسىتىشىچە، بۇ ئىككى تۈردىكى كىشىلەرنىڭ كۆرگەن چۈشىنىڭ ئاز-كۆپلۈكىدىمۇ پەرق بولىدىكەن، چۈشنى دائىم ئىسىدە تۇتالايدىغان كىشىلەر كۆپرەك چۈش كۆرىدىكەن.

**نېمە ئۈچۈن كۆرگەن چۈشىمىز ئاسان ئېسىمىزدە قالمايدۇ؟**

تەتقىقاتلاردا ئىپادىلىنىشىچە، ئادەم ئويغانغاندىن كېيىنكى بەش مىنۇت ئىچىدە، چۈشنىڭ مەزمۇنى 50% ئۇنتۇلۇپ كېتىدىكەن؛ 15 مىنۇت ئىچىدە



90% ی ئۇنتۇلۇپ كېتىدىكەن. بەزى نەزەرىيەلەردە، چۈشنىڭ رولى ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن مېڭىدە توپلانغان كېرەكسىز ئەسلىمىلەرنى چىقىرىپ تاشلاشتىن ئىبارەت دەپ قارىلىدۇ. چۈش ئەستە قالغاندا، مېڭىدىكى كېرەكسىز ئۇچۇرلار تېخىمۇ كۆپىيىپ كېتىدۇ. ماھىيەت جەھەتتىن قارىغاندا چۈش كېرەكسىز ئەسلىمىلەرنى ئۇنتۇش جەريانىدۇر.

مۇتەخەسسىسلەرنىڭ قارىشىچە، چۈشنى ئەسكە ئېلىش ئاساسلىقى ئۈچ جەھەتتىكى توسالغۇغا ئۇچرايدىكەن. بىرىنچى توسالغۇ، چۈش داۋامىدىكى ئەستە ساقلاش ئويغاق چاغدىكىگە ئوخشىمايدىكەن. كىشىلەر ئويغاق چاغدا ۋاقىت تەرتىپى، ئۆلچەملىك ياكى سەۋەب - نەتىجە مۇناسىۋىتى قاتارلىق شەكىللەر ئارقىلىق ئۆتكەن ئىشلارنى ئېسىدە تۇتىدىكەن. ئەمما چۈشىدە كۆرگەن ئەھۋاللار كەيپىياتنىڭ ئۆزگىرىشىگە ئەگەشكەن ھالدا قائىدىسىز بولىدىكەن، ئۇنىڭدا ۋاقىت ياكى سەۋەب - نەتىجە مۇناسىۋىتى قاتارلىق لوگىكىلار ئەسلا بولمايدىكەن. ئىككىنچى توسالغۇ رېئال تۇرمۇشنىڭ ئۆزى. نۇرغۇن ئادەملەر ئۇيقۇدىن ئويغىنىپلا «بۈگۈن نېمە ئىشلارنى قىلىشىم كېرەك» دەپ ئويلايدۇ، بۇنداق چاغدا كۆرگەن چۈش پۈتۈنلەي ئۇنتۇلۇپ كېتىدۇ. ئۈچىنچى توسالغۇ بەدەن ھەرىكىتىنىڭ ئۆزگىرىشى، چۈش كىشىلەر ئارام ئالغاندا، ياتقاندا كۆرۈلىدۇ، ئويغانغاندا بەدەننىڭ ھەرىكىتى زور دەرىجىدە كۆپىيىدۇ - دە، مېڭىنىڭ چۈشنى ئەسكە ئېلىشىغا تەسىر يەتكۈزىدۇ.

**كۆپ چۈش كۆرۈش ئۇيقۇسىزلىقتىن دېرەك بېرەمدۇ؟**

تەتقىقاتلاردا ئىسپاتلىنىشىچە، ئۇيقۇنىڭ ئىقتىدارى ساقلاش ۋە ئەسلىگە كەلتۈرۈش بولۇپ، تېز دولقۇنلۇق ئۇيقۇ بىلەن ئاستا دولقۇنلۇق ئۇيقۇ ئوخشىمىغان رول ئوينىشى مۇمكىن. ئاستا دولقۇنلۇق ئۇيقۇ بەدەننى ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە، تېز دولقۇنلۇق ئۇيقۇ مېڭىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە مەسئۇل.

تېز دولقۇنلۇق ئۇيقۇ باسقۇچىدىن ئويغانغان كىشىلەرنىڭ كۆپىنچىسى ئۆزىنىڭ چۈش كۆرگەنلىكىنى ھېس قىلىدۇ، بۇ چاغدا مېڭە قالايمىقان ھالەتتە بولۇپ، ئادەمگە يېتەرلىك ئارام ئالمىغاندەك بىلىنىدۇ، ھەتتا ئۆزىنىڭ نەچچە سائەت ئۇخلىغانلىقىنىمۇ ھېس قىلالمايدۇ.

شۇڭا كۆپ چۈش كۆرۈش تېز دولقۇنلۇق ئۇيقۇدىن ئويغىنىش سەۋەبلىك بولۇپ، ئۇيقۇسىزلىق چوڭ نۇقتىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا بىرخىل سۇبيېكتىپ تەسىرات. ئەگەر بىز تېز دولقۇنلۇق ئۇيقۇ باسقۇچىدا چۈشتىن ئويغىنىپ كەتسەك، تېخىمۇ كۆپ تېز دولقۇنلۇق ئۇيقۇ ئارقىلىق تولۇقلاشقا موھتاج بولىمىز.

**قارا بېسىش نورمال ئىشمۇ؟**

قارا بېسىش چۈشنىڭ مەزمۇنى قالايمىقانلىشىپ، ئادەمنى يار - يۆلەكسىز ياكى ۋەھىمە ھېس قىلدۇرىدىغان ئەھۋال.

ئادەتتە چۈشنىڭ رولى، رېئاللىقتا ئەمەلگە ئاشمىغان ئارزۇ - ئارمانلارنى قاندۇرۇش ياكى رېئاللىقتا ئىپادىلەپ بولالمىغان كەيپىياتنى داۋاملاشتۇرۇشتىن ئىبارەت. بۇنداق كەيپىيات ئادەتتە سەلبىي، بېسىم ھالىتىدە، قورقۇنچلۇق بولىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن قارا بېسىش يۈز بېرىدۇ.

مۇرەككەپ جەمئىيەتتە ياشاۋاتقانلىقىمىز، خىزمەت بېسىمىنىڭ ئېغىر بولۇشى، تۇرمۇش رېتىمىنىڭ تېز بولۇشى سەۋەبلىك كەيپىياتىمىزدىمۇ تەبىئىيلا چوڭ داۋالغۇشلار بولىدۇ، شۇڭا بەزىدە قارا بېسىش نورمال ئەھۋال. بىراق دائىم قارا بېسىش ياكى داۋاملىق ئوخشاش بىر ۋەھىمىلىك چۈشنى كۆرۈش نورمالسىزلىق. چۈنكى قاتتىق ئازابلانغان ئادەمنى ناھايىتى ئاسان ھەم ئوخشاش قارا باسىدۇ، بۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئازابلىق ئىشلارنى قايتا - قايتا ئېسىگە ئالىدۇ. بۇ جەھەتتە بالىلارغا بەكرەك ئەھمىيەت بېرىشىمىز كېرەك، ئەگەر بالىنى داۋاملىق قارا باسسا، ئاتا - ئانىلار ئۇلارنىڭ سىرتتا قانداق ئەھۋالغا يولۇققانلىقىغا دىققەت قىلىشى كېرەك.

**تەرجىمە قىلغۇچى: دىلنۇر ئېزىز**
**مۇھەررىر: مۇنەۋۋەر ئېزىز**

www.uyghurkitap.com



# بۈركۈت ۋە ئۇنى قوغداش

ئابدۇللار روزى
(شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك ئۇنىۋېرسىتېتى)

بۈركۈت (Aquila) لاچىنسىمانلار ئەترىتى، قارچىغا ئائىلىسىگە تەۋە يىرتقۇچ قۇش بولۇپ، ئۇ سېرىق بۈركۈت، ئاق يەلكىلىك بۈركۈت، ئالا قۇيرۇق دېڭىز بۈركۈتى، ئاق قۇيرۇق بۈركۈت، ساقاللىق بۈركۈت، ئوتلاق بۈركۈتى، قارا بۈركۈت، كىچىك بۈركۈت قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئۇلارنىڭ ئورتاق ئالاھىدىلىكى شۇكى، ئۇلار ھەممىسى يىرتقۇچ قۇش بولۇپ، چىشىلىرى ئەركىكىدىن چوڭ بولىدۇ. ئۇۋىسىنى چىشى بىلەن ئەركىكى بىرلىشىپ ياسايدۇ. تۇخۇمىنى چىشى بىلەن ئەركىكى نۆۋەتلىشىپ باسىدۇ.

**1. سېرىق بۈركۈت (金鵰 Aquila chrysaetus linnaeus)**

مورفولوگىيەلىك ئالاھىدىلىكى: سېرىق بۈركۈت ئالتۇن رەڭ بۈركۈت، قىزىلباش بۈركۈت دەپمۇ ئاتىلىدۇ. ئۇ چوڭ تىپتىكى يىرتقۇچ قۇش بولۇپ، تەن ئۇزۇنلۇقى بىر مېتىر، قانىتىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 65 – 75 سانتىمېتىر، قۇيرۇقىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 30 سانتىمېتىر ئەتراپىدا بولىدۇ. سېرىق بۈركۈت تاشلارغا قونۇپ ئولتۇرغاندا تېنىنى تىك تۇتۇپ ئولتۇرىدۇ. شۇڭلاشقا ئۇۋچىلار يىراقتىن قاراپلا باشقا يىرتقۇچ قۇشلاردىن ئاسان پەرقلەندۈرەلەيدۇ.

بىيولوگىيەلىك ئالاھىدىلىكى: سېرىق بۈركۈت ئېگىز تاغ ئورمانلىقلاردا ياشايدۇ. تۈزلەڭلىكلەردە ئاز ئۇچرايدۇ. ئۇ بۈركۈتلەر ئىچىدە ئەڭ چوڭى بولسىمۇ، ھەرىكىتى ناھايىتى چاققان. ئۇنىڭ باللىرىنى قولغا ئۆگىتىشكە ئاسان بولغاچقا، ئوۋچىلار سېرىق بۈركۈت باللىرىنى قولغا ئۆگىتىپ ئوۋغا سالىدۇ. سېرىق بۈركۈت ئاساسلىقى قوي، تاغ ئۆچكىسى، بۇغا، بۆكەنلەرنىڭ باللىرىنى ئوۋلاپ يەيدۇ. چاشقان، بىر قىسىم قۇشلارنى تۇتۇپ يەيدۇ. سېرىق بۈركۈت ئۇۋىسىنى قىيا تاشلار ئارىسىغا سالىدۇ. يىلدا بىر قېتىم كۆپىيىدۇ. 2 –، 3 – ئايلاردا تۇخۇم تۇغىدۇ. ھەر قېتىمدا 1 – 2 گىچە تۇخۇم تۇغىدۇ. تۇخۇمنى چىشى بىلەن ئەركىكى نۆۋەتلىشىپ باسىدۇ. تۇخۇم بېسىش مەزگىلى 45 كۈن ئەتراپىدا بولىدۇ. باللىرى 65 – 70 كۈنلەردە ئۇچۇرۇم بولىدۇ. باللىرى 5 – 6 ياشقا كىرگەندە جىنسىي جەھەتتە يېتىلىدۇ.

جۇغراپىيەلىك تارقىلىشى: سېرىق بۈركۈتنىڭ دۇنيا بويىچە بەش كەنجى تۈرى بار بولۇپ، دۆلىتىمىزگە ئىككى كەنجى تۈرى تارقالغان. شىنجاڭ تەۋەسىگىمۇ ئىككى كەنجى تۈرى تارقالغان. ئىچكىرى ئۆلكە، ئاپتونوم رايونلاردا شەرقىي شىمال، گەنسۇ، چىڭخەي، شىزاڭ قاتارلىقلارغا تارقالغان. چەت ئەل-



لەردە ياۋروپا، ئاسىيانىڭ بىر قىسىم جايلىرىغا تارقالغان.

## 2. ئاق يەلكىلىك بۈركۈت (白肩鵰 Aquila heliaca)

مورفولوگىيەلىك ئالاھىدىلىكى: ئاق يەلكىلىك بۈركۈت ئاق مۈرلىك بۈركۈت دەپمۇ ئاتىلىدۇ. ئۇ چوڭ تىپتىكى يىرتقۇچ قۇش بولۇپ، تەن ئېغىرلىقى 2900 گىرام، تەن ئۇزۇنلۇقى 90 سانتىمېتىر، قانىتىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 65 سانتىمېتىر ئەتراپىدا بولىدۇ. كۆپ ھاللاردا كىشىلەر ئاق يەلكىلىك بۈركۈت بىلەن سېرىق بۈركۈتنى ئارىلاشتۇرۇپ قويىدۇ. ئادەتتە ئاق يەلكىلىك بۈركۈتنىڭ باش قىسىم پەيلىرىنىڭ رەڭگى سۇس قارامتۇل قوڭۇر، قۇيرۇق پەيلىرى قوڭۇر بولۇپ، كۆكۈچ توغرا يوللىرى بولىدۇ.

بىيولوگىيەلىك ئالاھىدىلىكى: ئاق يەلكىلىك بۈركۈت پاكار، ئېگىز، ئوتتۇراھال تاغلىق بەلباغ ۋە ئوتلاقلاردا ياشايدۇ. كەڭ يوپۇرماقلىق ئورمانلار، ئارىلاش ئورمانلىرىدا ياشاشنى ياخشى كۆرىدۇ. ئۇ ئۇۋىسىنى دەرەخكە ياسايدۇ. 4-، 5- ئايلاردا 1-4 گىچە، كۆپىنچە 2 دىن تۇخۇم تۇغىدۇ. تۇخۇم بېسىش مەزگىلى 45 كۈن ئەتراپىدا بولىدۇ. باللىرىغا 14-15 كۈنلۈك بولغاندا تۈك چىقىشقا باشلايدۇ. 55-80 كۈنلۈك بولغاندا ئۇچۇرۇم بولىدۇ. ئاق يەلكىلىك بۈركۈت كىچىك تىپتىكى سۈت ئەمگۈچىلەر ۋە قۇشلارنى ئوزۇقلۇق قىلىدۇ. توشقان، چاشقاننى ئالاھىدە ياخشى كۆرىدۇ. سوغۇر، كىرپە، تىيىن قاتارلىقلارنى ۋە تاپلارنى ئوزۇقلۇق قىلىدۇ. كۈندىلىك ئوزۇقلۇق مىقدارى 400-500 گىرام ئەتراپىدا بولىدۇ.

جۇغراپىيەلىك تارقىلىشى: ئاق يەلكىلىك بۈركۈتنىڭ دۇنيادا ئىككى كەنجى تۈرى بار. مەملىكىتىمىزگە بىرلا كەنجى تۈرى تارقالغان. شىنجاڭغىمۇ بىرلا كەنجى تۈرى تارقالغان بولۇپ، كۆرسەتكۈچ كەنجى تۈرى دېيىلىدۇ. ئۇ تەڭرى تېغى، ئىلى ۋادىسىدا كۆپىيىدۇ. چىڭخەي، سەنشى، گۇاڭدۇڭ، فۇجيەن قاتارلىق جايلارغا كۆچۈپ بېرىپ قىشلايدۇ.

## 3. ئالا قۇيرۇق دېڭىز بۈركۈتى (玉带海鵰 Haliacetus Leucoryphus)

مورفولوگىيىلىك ئالاھىدىلىكى: ئالا قۇيرۇق دېڭىز بۈركۈتى، بالداق قۇيرۇق بۈركۈت دەپمۇ ئاتىلىدۇ. ئۇ چوڭ تىپتىكى يىرتقۇچ قۇش بولۇپ، قانات يايمىسى ئىككى مېتىر ئەتراپىدا بولىدۇ. ئاق قۇيرۇق بۈركۈتتىن كىچىكرەك، سېرىق بۈركۈت بىلەن تەڭ دېگۈدەك كېلىدۇ. ئەركەكلىرىنىڭ تەن ئېغىرلىقى 2560 گىرام، چىشىلىرىنىڭ 3250 گىرام ئەتراپىدا كېلىدۇ. قۇيرۇقىدا كەڭ ئاق بالدىقى بولۇپ، قۇيرۇق ئۇچى قارا بولىدۇ.

بىيولوگىيەلىك ئالاھىدىلىكى: ياشاش مۇھىتى



كەڭ بولۇپ، دەريا، سازلىق، ئوتلاق ۋە تاغلاردا ياشايدۇ. ئۇ ھەرخىل ھايۋانلار بىلەن ئوزۇقلىنىدۇ. ئاساسلىقى توشقانباش چاشقان، سوغۇرلارنى تۇتۇپ يەيدۇ. بەزىدە قوزا-ئوغلاقلارنىمۇ ئوۋلاپ قويىدۇ. ئورنىدىن قوزغىلىپ ئۇچقاندا ئاۋاز چىقارمايدۇ. ھەر يىلى 3- ئايلاردا قومۇشلۇقلار ئارىسىدا ئۇۋا ياسايدۇ. 2-4 گىچە تۇخۇم تۇغىدۇ. ئالا قۇيرۇق دېڭىز بۈركۈتى ئىنتايىن يىرتقۇچ قۇش بولۇپ، قولغا ئاسان كۆنمەيدۇ. ئوۋچىلار ئۇنىڭدىن پايدىلانمايدۇ.

جۇغراپىيەلىك تارقىلىشى: ئالا قۇيرۇق دېڭىز بۈركۈتى بىرلا تۈر بولۇپ، كەنجى تۈر دەپ ئايرىلمايدۇ. شىنجاڭ تەۋەسىدە تەڭرى تېغى، يۇلتۇز ئويمانلىقى، جۇڭغار ئويمانلىقى، تارىم دەرياسىنىڭ يۇقىرىقى ئېقىنلىرىغا تارقالغان. ئىچكىرى ئۆلكە، ئاپتونوم رايونلىرىدا چىڭخەي، شەرقىي شىمال،

uyghurkitap.com



شىزاڭ قاتارلىق جايلارغا تارقالغان.

**4. ئاق قۇيرۇق بۈركۈت (白尾鵰 Haliacetus albcilla)**

مورفولوگىيەلىك ئالاھىدىلىكى: ئاق قۇيرۇق بۈركۈت ئاق بۈركۈت، ئاق قۇيرۇق دېڭىز بۈركۈتى دەپمۇ ئاتىلىدۇ. ئۇ چوڭ تىپتىكى يىرتقۇچ قۇش بولۇپ، ئالا قۇيرۇق دېڭىز بۈركۈتىدىن سەللا چوڭ بولىدۇ. ئادەتتە تەن ئېغىرلىقى 3 – 5 كىلوگرام، تەن ئۇزۇنلۇقى 85 – 95 سانتىمېتىر ئەتراپىدا بولىدۇ. پۇت بارماقلىرى سېرىق، تىرناقلىرى قارا بولىدۇ.

بىيولوگىيەلىك ئالاھىدىلىكى: ئاق قۇيرۇق بۈركۈت كۆل، دەريا بويلىرى، سازلىق رايونلاردا ياشايدۇ. كۆپىيىش مەزگىلىدىن باشقا چاغلاردا دېڭىز يۈزىدىن 1000 مېتىر ئېگىزلىكتىكى تاغلاردا ھەرىكەت قىلىدۇ. ئادەتتە يالغۇز ھەرىكەت قىلىدۇ. قىش پەسلىدە 2 – 5 كىچە كىچىك توپ بولۇپ ھەرىكەت قىلىدۇ. ئۇ ئاساسلىقى قۇش، بېلىق ۋە غاجىلىغۇچى ھايۋانلارنى ئوزۇقلۇق قىلىدۇ. ئۇ كۆل بويىدىكى قىيا تاشلار ئارىسىغا، ئېگىز دەرەخلەرگە ئۇۋا ياسايدۇ. ھەر يىلى 4 –، 6 – ئايلاردا 1 – 3 گىچە تۇخۇم تۇغىدۇ. كۆپىنچە ئىككى تۇخۇم تۇغىدۇ. تۇخۇم بېسىش مەزگىلى 35 – 45 كۈن بولىدۇ. بالىلىرى ئۇۋىسىدا 70 كۈندەك تۇرغاندىن كېيىن ئۇچۇرۇم بولىدۇ.

جۇغراپىيەلىك تارقىلىشى: ئاق قۇيرۇق بۈركۈتنىڭ دۇنيادا ئىككىلا تۈرى بولۇپ، شىنجاڭ تەۋەسىدە بىر كەنجى تۈرى تارقالغان، ئۇ كۆرسەتكۈچ كەنجى تۈرى دېيىلىدۇ. ئۇ شىنجاڭ تەۋەسىدە يۇلتۇز ئويمانلىقى، تارىم دەريا بويلىرى، ئىلى ۋادىسى، قاناس كۆلى قاتارلىق جايلارغا تارقالغان. ئىچكىرى ئۆلكە، ئاپتونوم رايونلاردا شەرقىي شىمال، چىڭخەي، گەنسۇ قاتارلىق جايلارغا تارقالغان. چەت ئەللەردە ياۋروپا، ئاسىيا چوڭ قۇرۇقلۇقىدا كۆپىيىدۇ.

**5. ساقاللىق بۈركۈت (胡兀鵰 Gypaetus barbatus)**

مورفولوگىيەلىك ئالاھىدىلىكى: ساقاللىق بۈركۈت ساقالتاي دەپمۇ ئاتىلىدۇ. ئۇ چوڭ تىپتىكى يىرتقۇچ قۇش بولۇپ، ئۈستى تۈمشۇقى ئىلمەكسىمان ھەم ناھايىتى ئۆتكۈر. ئاستىنقى تۈمشۇقىنىڭ تۆۋەن قىسمىدا ئۇزۇن پەيلەر بولۇپ، ئۇ خۇددى ساقالغا ئوخشاپ كەتكەچكە، ئۇ ساقاللىق بۈركۈت دەپ ئاتالغان.

بىيولوگىيەلىك ئالاھىدىلىكى: دېڭىز يۈزىدىن 2000 – 5000 مېتىر ئېگىزلىكتىكى تاغلىق رايونلاردا ياشايدۇ. كۆپىيىش مەزگىلىدە ئوتتۇرا ۋە تۆۋەن ئېگىزلىكتىكى تاغلارغا چۈشىدۇ. ئوزۇق ئىزدىگەندە كەنتلەر ئەتراپىدا ۋە تاشيول بويلىرىدا ھەرىكەت قىلىدۇ. كۆپ ھاللاردا تازقارا بىلەن ئارىلىشىپ ھەرىكەت قىلىدۇ. لېكىن تازقارا بىلەن ئوزۇق تالاشمايدۇ. قىيا تاشلاردىكى تەبىئىي كامارلارغا ئۇۋا سالىدۇ. كۆپىيىش مەزگىلىدە كىچىك توپ بولۇپ ياشايدۇ. 3 – ئايلاردا جۈپلىشىپ 1 – 2 گىچە تۇخۇم تۇغىدۇ. 4 –، 5 – ئايلاردا چۈجە چىقىرىدۇ. بالىلىرى 5 – ئاينىڭ ئاخىرلىرى ئۇچۇرۇم بولىدۇ.

ساقاللىق بۈركۈت ھاۋادا لەيلەپ ئۇچقاندا قانىتىنى كېرىپ، ھاۋا بوشلۇقىدا تۇرالايدۇ. ساقاللىق بۈركۈت ئۆمىلىگۈچىلەرنى، قۇشلارنى، چوڭ تىپتىكى غاجىلىغۇچىلارنى، تۇياقلىق ھايۋانلار ئېچىدىكى ئاجىزلارنى تۇتۇپ ئوزۇق قىلىدۇ. ئۇ ئاساسلىقى تاپنى ئوزۇقلۇق قىلىدۇ. ئوزۇقنى سۆڭىكى بىلەن يۇتۇشنى ياخشى كۆرىدۇ.

جۇغراپىيەلىك تارقىلىشى: شىنجاڭ تەۋەسىدە كۇئېنلۇن تېغى، پامىر ئېگىزلىكى، ئالتۇنتاغ، ئالتاي تېغى ۋە تەڭرى تاغلىرىغا تارقالغان. ئىچكى ئۆلكە، ئاپتونوم رايونلاردا شەرقىي شىمال، شىزاڭ، نىڭشىيا قاتارلىقلارنىڭ تاغلىق رايونلىرىغا تارقالغان.

**6. ئوتلاق بۈركۈتى (草原鵰 Aquila rapax)**

مورفولوگىيەلىك ئالاھىدىلىكى: ئوتلاق بۈركۈتى مۈڭگۈزلۈك بۈركۈت دەپمۇ ئاتىلىدۇ. ئۇ چوڭ تىپتىكى يىرتقۇچ قۇش بولۇپ، تەن ئېغىرلىقى 2.5 – 3.0 كىلوگرام، تەن ئۇزۇنلۇقى 75 سانتىمېتىر ئەتراپىدا بولىدۇ. تېنىنىڭ ئۈستى قىسمى توپا رەڭ، تۈمشۇقى قارا، موم پەردىسى سېرىق، تىرنىقى قارا

رەڭدە بولىدۇ. رەڭگى ئۆزگىرىشچان بولۇپ، ياشاۋاتقان مۇھىتىنىڭ تەسىرىگىمۇ ئۇچرايدۇ.

بىيولوگىيەلىك ئالاھىدىلىكى: دېڭىز يۈزىدىن 1000 – 4500 مېتىر ئېگىزلىكتىكى ئوتلاق بەلباغلىرىدىكى ئوتلاق، تۈزلەڭلىك، چۆل، ئىدىرلىقلاردا ياشايدۇ. ئۇ دائىم ئىستولبا، يالغۇز دەرەخلەرگە قونۇۋالىدۇ. يالغۇز ھەرىكەت قىلىدۇ. ئۇ ئېگىز ئۇچمايدۇ، ئەڭ ئېگىز بولغاندا 2000 مېتىردىن ئېشىپ كەتمەيدۇ. ئۇ ئاساسلىقى چاشقان، سۇغۇر، بىر قىسىم قوش ماكانلىق ھايۋانلار بىلەن ئوزۇقلىنىدۇ. يەنە بىر قىسىم سۈت ئەمگۈچىلەرنىڭ باللىرىنى ئوۋلاپ يەيدۇ، تاپىنىمۇ يەيدۇ. 4 –، 6 – ئايلار ئوتلاق بۈركۈتنىڭ كۆپىيىش مەزگىلى بولۇپ، ئېگىز تاغلاردىكى قىيا تاشلارغا، دەرەخلەر ۋە چاتقاللىقلار ئارىسىغا ئۇۋا ياسايدۇ. بەزىدە يەر يۈزىگىمۇ ئۇۋا ياسايدۇ. ھەر قېتىمدا 1 – 3 گىچە تۇخۇم تۇغىدۇ. تۇخۇم بېسىش مەزگىلى 45 كۈن ئەتراپىدا بولىدۇ. باللىرى ئۇۋىسىدا 55 كۈن ئەتراپىدا تۇرغاندىن كېيىن ئۇچۇرۇم بولىدۇ.

جۇغراپىيەلىك تارقىلىشى: ئوتلاق بۈركۈتنىڭ دۇنيادا بەش كەنجى تۈرى بولۇپ، دۆلىتىمىزگە بىرلا كەنجى تۈرى تارقالغان. ئۇ شەرقىي ئاسىيا كەنجى تۈرى دېيىلىدۇ. ئۇ شىنجاڭ تەۋەسىگە كەڭ



تارقالغان بولۇپ، ئىلى ۋادىسى، يۇلتۇز ئويمانلىقى، تارىم دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىمى قاتارلىق جايلاردا كۆپىيىدۇ.

**7. قارا بۈركۈت (黑鵰 Aquila clanga)**

مورفولوگىيەلىك ئالاھىدىلىكى: قارا بۈركۈت قاراقۇش، چوڭ قاراقۇش دەپمۇ ئاتىلىدۇ. چوڭ تىپتىكى يىرتقۇچ قۇش بولۇپ، تەن ئېغىرلىقى 2 كىلوگىرام، تەن ئۇزۇنلۇقى 65 سانتىمېتىر، قانات ئۇزۇنلۇقى 50 سانتىمېتىر ئەتراپىدا بولىدۇ. ماڭلاي، باش چوققىسى قارامتۇل قوڭۇر، دۈمبە، بەل ۋە قۇيرۇق ئاستى پەيلىرى سېرىق قوڭۇر رەڭدە بولۇپ، يېشىل پارقىرايدۇ.

بىيولوگىيەلىك ئالاھىدىلىكى: ئۇ پەس تاغ ئىدىرلىقلىرىدا، كەڭ تۈزلەڭلىك ئورمانلىقلىرىدا ياشايدۇ. دائىم سۇ ساھىلى ئەتراپىدىكى ئوتلاق، ئورمان بەلباغلىرىدا كۆپ ئۇچرايدۇ. كېچىسى دەم ئېلىپ كۈندۈزى يالغۇز ھەرىكەت قىلىدۇ. ئاساسلىقى توشقان، چاشقان، پاقا، كەسلەنچۈك ۋە بىر قىسىم كىچىك تىپتىكى ھايۋانلارنى تۇتۇپ ئوزۇقلۇق قىلىدۇ. بەزىدە تاپ ۋە ھاشاراتلار بىلەنمۇ ئوزۇقلىنىدۇ. 5 –، 7 – ئايلار كۆپىيىش مەزگىلى بولۇپ، ئېگىز دەرەخلەرگە ئۇۋا سالىدۇ. 1 – 3 گىچە تۇخۇم تۇغىدۇ. تۇخۇم بېسىش مەزگىلى 42 – 44 كۈن بولىدۇ. باللىرى ئۇۋىسىدا 65 كۈن ئەتراپىدا تۇرغاندىن كېيىن ئۇچۇرۇم بولىدۇ.

جۇغراپىيەلىك تارقىلىشى: قارا بۈركۈت تەڭرى تېغى، ئالتاي تاغلىرىنىڭ ئالدىنقى ئورمانلىق، ئوتلاقلىرىغا كەڭ تارقالغان بولىدۇ.

**8. كىچىك بۈركۈت (小鵰 Aquila pennata)**

مورفولوگىيەلىك ئالاھىدىلىكى: كىچىك بۈركۈت كىچىك تىپتىكى يىرتقۇچ قۇش بولۇپ، تەن ئېغىرلىقى 600 گىرام، تەن ئۇزۇنلۇقى 45 – 53 سانتىمېتىر، قانىتىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 48 سانتىمېتىر ئەتراپىدا بولىدۇ. باش ۋە بويۇن قىسىملىرى ئاقۇش بولۇپ، قوڭۇر رەڭ ئارىلاشقان. ئىككى قانىتى قارامتۇل قوڭۇر رەڭدە بولىدۇ. تۇمشۇقى كۆكۈچ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



كۆلرەڭ، پاقالچىقى، بارماقلىرى، تىرنىقى كۆلرەڭ بولىدۇ.

بىيولوگىيەلىك ئالاھىدىلىكى: تاغ ۋە تۈزلەڭ ئورمانلىقلاردا ياشايدۇ. بولۇپمۇ يىڭنە يوپۇرماقلىق، كەڭ يوپۇرماقلىق دەرەخ ئارىلاش ئۆسكەن ئورمانلىقلاردا ياشاشنى ئالاھىدە ياخشى كۆرىدۇ. ئۇ كۈندۈزى يالغۇز ھەرىكەت قىلىدۇ. ئۇ ئاساسلىقى چاشقان، توشقان، كىچىك قۇش ۋە ئۆمىلىگۈچىلەر بىلەن ئوزۇقلىنىدۇ. 4 - 6 - ئايلار ئۇنىڭ كۆپىيىش مەزگىلى بولۇپ، ئورمانلىقلاردىكى ئېگىز دەرەخلەرگە ئۇۋا ياسايدۇ. ھەر قېتىمدا 1 - 2 گىچە تۇخۇم تۇغىدۇ.

جۇغراپىيەلىك تارقىلىشى: كىچىك بۈركۈتنىڭ دۇنيادا ئىككىلا كەنجى تۈرى بار بولۇپ، دۆلىتىمىزگە بىر كەنجى تۈرى تارقالغان، ئۇ ئاسىيا كەنجى تۈرى دېيىلىدۇ. شىنجاڭ تەۋەسىگىمۇ موشۇ كەنجى تۈرى تارقالغان بولۇپ، تەڭرى تېغى، ئالتاي تېغى، تاغ ئالدى ئورمان ۋە ئوتلاقلىرىدا كۆپىيىدۇ.

## 9. بۈركۈتنىڭ ئىقتىسادىي قىممىتى ۋە قوغدىلىشى

ئومۇملاشتۇرۇپ ئېيتقاندا بۈركۈتلەر چاشقان قاتارلىق غاجىلىغۇچىلار ۋە تاپلار بىلەن ئوزۇقلانغاچقا، مۇھىت بۇلغىنىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش، چاشقان ئاپىتىنىڭ ئالدىنى ئېلىشتا، ئورمانچىلىق، ئوتلاقچىلىق ئىشلەپچىقىرىشىدا ئىنتايىن مۇھىم رول ئوينايدۇ. بۈركۈتلەر چىرايلىق بولۇپ، ھايۋانات باغچىلىرىدا كۆرگەزمە قىلىشقا بولىدۇ. قانات، قۇيرۇق پەيلىرىدىن زىننەت بۇيۇملىرىنى ياساشقا بولىدۇ.

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، چەت ئەللەردە بۈركۈتنى «جاسۇس» لۇق قىلىشقا ئىشلىتىش ئەھۋاللىرى ئاشكارلانغان. شىنخۇا ئاگېنتلىقىنىڭ خەۋەر قىلىشىچە، ئىسرائىلىيەنىڭ «جاسۇس» لۇق قىلىشقا ئەۋەتكەن بۈركۈتى 2016 - يىلى 29 - يانۋار ب د ت نىڭ ياردىمىدە ئىسرائىلىيىدىكى بىر ھايۋانات باغچىسىغا قايتۇرۇلغان. ئېگىلىنىشچە، لىۋاننىڭ جەنۇبىدىكى شەھەر بېلتېتدىكى ئامما 26 - يانۋار كۈنى بەدىنىگە ئىسرائىلىيىنىڭ سۈرەت تارتىش قۇرۇلمىسى ئورۇنلاشتۇرۇلغان دېڭىز بۈركۈتىنى تۇتۇۋېلىپ، مۇناسىۋەتلىك تارماقلارغا تاپشۇرۇپ بەرگەن. گوللاندىيە دۆلەت ساقچى باش ئىدارىسىنىڭ يېقىندا ئاشكارلىغان بىر سىن لېنتىسىدا مەشقلەندۈرۈلگەن بىر بۈركۈتنىڭ جىددىي ئەھۋالدا ئۇچقۇسىز ئايروپىلاننى تۇتۇۋالغانلىقى كۆرسىتىلگەن. گوللاندىيە دۆلەت ساقچى ئىدارىسىدىكى بىر ئەمەلدار «پەلەك ساقچىسى» مەشقلەندۈرۈش شىركىتى ساقچىلار بىلەن ھەمكارلىشىپ بىر تۈركۈم بۈركۈتلەرنى مەشقلەندۈرۈۋاتىدۇ. بۇ بۈركۈتلەر مەشقلەندۈرۈلگەندىن كېيىن قانۇنسىز ئۇچقۇسىز ئايروپىلاننى «ئوۋلاپ»، ئۇنى بىخەتەر رايونغا ئېلىپ كېتىشكە بولىدۇ دېگەن.



سېرىق بۈركۈت، ئاق يەلكىلىك بۈركۈت، ئالا قۇيرۇق دېڭىز بۈركۈتى، ئاق قۇيرۇق بۈركۈت ۋە ساقاللىق بۈركۈتتىن ئىبارەت بەش تۈرى دۆلەت تەرىپىدىن بىرىنچى دەرىجىلىك نۇقتىلىق قوغدىلىدۇ. ئوتلاق بۈركۈتى، قارا بۈركۈت، كىچىك بۈركۈتتىن ئىبارەت ئۈچ تۈرى دۆلەت تەرىپىدىن ئىككىنچى دەرىجىلىك نۇقتىلىق قوغدىلىدۇ.

**مۇھەررىر: پەزىلەت تۇرغۇن**

# شەھەرلەردىكى نۇردىن بۇلغىنىشنى تېزگىنلەش

قەدىمدىن تارتىپ كىشىلەر نۇر ئارقىلىق كەچتىكى قاراڭغۇلۇقنى يورۇتۇپ، كېچىدە ئىنسانلارغا قولايلىق كەلتۈرۈشنى ئۈمىد قىلىپ كەلگەن. ئەمما ھازىرقى جەمئىيەتتە نۇردىن نامۇۋاپىق پايدىلىنىپ بىر خىل بۇلغىنىشنى پەيدا قىلىۋاتىدۇ. ھازىر بۇنى سۇ بۇلغىنىش، ئاتموسفېرا بۇلغىنىش، شاۋقۇندىن بۇلغىنىش، قاتتىق كېرەكسىز نەرسىلەردىن بۇلغىنىشتىن كېيىنكى 5 - چوڭ بۇلغىنىش دەپ ئاتىدى.

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، مەملىكىتىمىزدە شەھەرلىشىشنىڭ تېزلىشىشىگە ئەگىشىپ، شەھەرنىڭ ئوبراز قۇرۇلۇش تەلىپىنى قاندۇرۇش ئۈچۈن، شەھەرنىڭ نۇر مەنبەسى ئۈزلۈكسىز كۆپەيتىلدى. مەسىلەن، نۇرغۇن شەھەرلەردە «كېچە بولماس شەھەر» بەرپا قىلىش مەقسىتىدە يولغا قويۇلغان يورۇقلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى تېخىمۇ گۈزەل كەچلىك مەنزىرە ھاسىل قىلىپ، شەھەر ئاھالىلىرىنىڭ كەچلىك تۇرمۇشىنى بېيىتتى. ئەمما چىراغ نۇرىنى نامۇۋاپىق ئىشلىتىشتىن كېلىپ چىققان نۇردىن بۇلغىنىش مۇھىتقا كۆرۈنەرلىك يامان تەسىر كۆرسىتىدۇ. ھەتتا كىشىلەرنىڭ نورمال تۇرمۇشىغا، ساغلاملىقىغا زىيان يەتكۈزىدۇ، بۇنىڭغا سەل قاراشقا بولمايدۇ.

نۆۋەتتە مەملىكىتىمىزدە شەھەر باشقۇرۇشتا يورۇتۇش پىلانى تەرتىپسىز ھالەتتە تۇرۇۋاتقان بولۇپ، بۇنداق بولۇشتىكى ئاساسلىق سەۋەب شۇكى، ھۆكۈمەتنىڭ باشقۇرغۇچى تارمىقى بىلەن ئاممىنىڭ نۇردىن بۇلغىنىشقا بولغان تونۇشى باشقا بۇلغىنىشلارغا بولغان تونۇشقا سېلىشتۇرغاندا خېلىلا كەينىدە دېيىشكە بولىدۇ. كىشىلەر ئادەتتە سۇ، تۇپراق، ئاتموسفېرانىڭ بۇلغىنىشىنى ياخشى بىلىدۇ، ئەمما نۇردىن بۇلغىنىشنى ئانچە بىلمەيدۇ، ئۇنىڭ زىيىنىنى تېخىمۇ بىلمەيدۇ.

گۇاڭجۇنى مىسالغا ئالساق، مۇھىت ئاسراش مىنىستىرلىقىنىڭ جەنۇبىي جۇڭگو مۇھىت پەن تەتقىقات ئورنى قاتارلىق ئورۇنلار گۇاڭجۇ شەھىرىدىكى ئاھالىلەردىن نۇردىن بۇلغىنىشنى ھېس قىلىشى توغرىسىدا تەكشۈرۈش قىلغاندا، تەكشۈرۈشنى قوبۇل قىلغان ئاھالىلەرنىڭ 50% ى گۇاڭجۇ شەھىرىدە نۇردىن بۇلغىنىش يەڭگىل، 40% بىرقەدەر ئېغىر، 7.1% ى ئېغىر دەپ قارىغان.

ئۇنداقتا گۇاڭجۇ شەھىرىدىكى نۇردىن بۇلغىنىش ئەھۋالى زادى قانداق؟ جۇڭشەن ئۇنىۋېرسىتېتى مۇھىت ئىلمى ۋە قۇرۇلۇش ئىنستىتۇتىنىڭ پىروفېسسورى خې ۋېنخاۋ گۇاڭجۇ شەھىرىنىڭ يۆشيۇ رايونىدا كەچتىكى نۇردىن بۇلغىنىش ئەھۋالىنى تەكشۈرگەن، تەكشۈرۈش نەتىجىسىدە كۆرسىتىلىشىچە، بۇ رايوننىڭ بېيجىڭ يولىدىكى پىيادىلەر كوچىسى، نۇڭلىن تۆۋەنكى يولىدىكى سودا كوچىسى، جۇڭخۇا مەيدانى سودا رايونىدىكى گورىزونتال يورۇتۇش دەرىجىسى ئومۇميۈزلۈك يۇقىرى چىققان، بولۇپمۇ شىندا شىن شىركىتىنىڭ ئالدىدىكى ئەگمە كارىدورىدىكى گورىزونتال يورۇتۇش دەرىجىسى ئۆلچەمدىن ئېغىر دەرىجىدە ئېشىپ كەتكەن بولۇپ، شاڭخەينىڭ يەرلىك ئالاقىدار ئۆلچىمىنىڭ 60 ھەسسىسىگە، 2004 - يىلى سابىق قۇرۇلۇش مىنىستىرلىقى ئېلان قىلغان «ئېنېرگىيە تېجەش — شەھەرنىڭ يېشىل يورۇتۇش ئۆلگە قۇرۇلۇشى» دىكى ئالاقىدار بەلگىلىمىنىڭ 120 ھەسسىسىگە باراۋەر كەلگەن. بېيجىڭ يولى پىيادىلەر كوچىسىنىڭ ئىككى تەرىپىدىكى ئوتتۇرىچە گورىزونتال يورۇتۇش دەرىجىسى شاڭخەينىڭ ئالا-

www.uyghurkitap.com



قىدار ئۆلچىمىنىڭ 30 ھەسسىسىگە، «ئېنېرگىيە تېجەش — شەھەرنىڭ يېشىل يورۇتۇش ئۆلگە قۇرۇلۇشى» دىكى بەلگىلىمىنىڭ 60 ھەسسىسىگە باراۋەر كەلگەن.

گۇاڭجۇنىڭ مىسالى مەملىكەت بويىچە ئومۇمىيلىقتا ئىگە. شۇڭا نۇردىن بۇلغىنىشنىڭ زىيىنى ھەققىدىكى تەشۋىقات ۋە ئۇنى ئاممىغا تونۇتۇشنى يەنىمۇ كۈچەيتىشكە توغرا كېلىدۇ.

كىشىلەرنىڭ نۇردىن بۇلغىنىشقا بولغان تونۇشىنىڭ يېتەرسىز بولۇشى يەنە بۇ خىل بۇلغىنىشنىڭ ئۆزىدىكى ئالاھىدىلىك بىلەن مۇناسىۋەتلىك. نۇردىن بۇلغىنىشنىڭ ئادەم تېنىگە كۆرسىتىدىغان بىۋاسىتە تەسىرى چەكلىك بولىدۇ. چۈنكى ئادەم تېنى تاللاشچانلىق بىلەن نۇر كەلتۈرۈپ چىقارغان بۇلغىنىشتىن ئارىلىق قالدۇرالىغاچقا، بۇ خىل بۇلغىنىشنىڭ زىيىنىغا تېخىمۇ سەل قارايدۇ. بۇنىڭدىن باشقا يەنە بۇ خىل بۇلغىنىشنىڭ بۇلغىنىش قالدۇقى بولمايدۇ، نۇر مەنبەسىنىڭ يوقىشىغا ئەگىشىپ بۇلغىنىشمۇ تەڭ يوقايدۇ. شۇڭا نۇرغۇن كىشىلەر نۇردىن بۇلغىنىشنى «يوشۇرۇن قاتىل» دەپ ئاتىدى.

ھازىر شەھەرلەردىكى نۇردىن بۇلغىنىش تىزگىنسىز ھالەتتە بولۇپ، ھەم يېشىل تەرەققىيات ئىدىيەسىگە خىلاپ بولۇپ، چوقۇم زور كۈچ بىلەن تىزگىنلەش لازىم. ماھىيەتتىن ئېلىپ ئېيتقاندا، بۇ خىل بۇلغىنىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش بىلەن باشقا شەكىلدىكى مۇھىتنىڭ بۇلغىنىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش پەرقلەنمەيدىغان بولۇپ، ئوخشاشلا تونۇشنى ئۆستۈرۈش، قانۇن چىقىرىشنى كۈچەيتىش، ئىلمىي پىلانلاش، نازارەت قىلىپ باشقۇرۇشنى كۈچەيتىش قاتارلىق جەھەتلەردىن تۇتۇشقا توغرا كېلىدۇ.

نۆۋەتتە مەملىكىتىمىزدە «شەھەر يورۇتۇشنى باشقۇرۇش بەلگىلىمىسى» ۋە «شەھەرنىڭ كەچلىك يورۇتۇشنى لايىھەلەش ئۆلچىمى» قاتارلىقلار ئېلان قىلىنىپ يولغا قويۇلغان بولسىمۇ، كۆپىنچىسى يېتەكچى خاراكتېرلىك ھۆججەت بولۇپ، ئۇلارنىڭ چەكلەش رولى بىرقەدەر ئاجىز. ھالبۇكى نۇردىن بۇلغىنىش توغرىسىدا مەملىكىتىمىزنىڭ ھازىرقى قانۇنلىرىدا ئېنىق بەلگىلىمە يوق.

كەچتىكى نۇردىن بۇلغىنىشنى باشقۇرۇشتا مۇھىمى تېخىمۇ تەپسىلىي ۋە قوللىنىشقا بولىدىغان باشقۇرۇش قائىدىسىنى تۈزۈپ، يورۇتۇش ۋاقتى، دەرىجىسى، نۇر رەڭگىنىڭ تويۇنۇش دەرىجىسى قاتارلىقلارغا دائىر تەپسىلىي ئۆلچەم بەلگىلەش لازىم، ئۇنىڭدىن باشقا يەنە، نازارەت قىلىپ باشقۇرۇش مەسئۇلىيىتى، مەسىلەن، قۇرۇلۇش، شەھەر باشقۇرۇش، مۇھىت ئاسراش قاتارلىق تارماقلارنىڭ قانداق ئىش تەقسىماتى بويىچە ھەمكارلىشىدىغانلىقىنى ئايدىڭلاشتۇرۇش لازىم.

كىشىلەرنىڭ نۇردىن بۇلغىنىشقا بولغان تونۇشىنىڭ ئۆزلۈكسىز يۇقىرى كۆتۈرۈلۈشىگە ئەگىشىپ، كۆپلىگەن يەرلىك ھۆكۈمەتلەر ئالاقىدار نىزام - بەلگىلىمىلەرنى تۈزۈپ، خەلقئارالىق يورۇتۇش ئۆلچىمىدىن پايدىلىنىپ نۇردىن بۇلغىنىشنى ئىقتىسادىي پىشاڭ ئارقىلىق تىزگىنلەشنى باشلىدى. ئەمما ئايرىم جايلارنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىدىن قارىغاندا ئىجرا قىلىش ئۈنۈمى كۆڭۈلدىكىدەك بولمىغان، شۇڭا تىزگىنلەش سەۋىيەسىنى يەنىمۇ يۇقىرى كۆتۈرۈشكە توغرا كېلىدۇ.

سۈنئىي نۇر ئىنسانلارنىڭ تەرەققىيات مۇساپىسىدىكى زور ئىلگىرىلەش ھېسابلىنىدۇ. نۇردىن بۇلغىنىشنىڭ ئالدىنى ئېلىشتا يورۇتۇشنى توسىماي، بەلكى سۈنئىي نۇرنى تېخىمۇ ياخشى باشقۇرۇپ ۋە ئىشلىتىپ، زىيادە يورۇتۇشتىن ساقلىنىش لازىم. ئىلگىرى بىر مۆتىۋەر رىم شەھىرىدە سەيلە قىلىپ كېتىۋاتقاچ چىراغ نۇرى غۇۋا بولغان رىم شەھىرىگە قاراپ: «بىر شەھەرنىڭ تارىخى پارلاق بولغانىكەن، ئۇنى قايتىدىن چىراغ نۇرى بىلەن يورۇتۇش ھاجەتسىز» دېگەنىدى.

**تەرجىمە قىلغۇچى: گو جۈنلياڭ**

**مۇھەررىر: مۇنەۋۋەر ئېزىز**

# يېزا ئىگىلىك پەن - تېخنىكا ژۇرنال مۇھەررىرلىرىنىڭ ساپاسى ۋە ھەر تەرەپلىمە تەربىيىلىنىشى توغرىسىدا

خالىدە ئابدۇرېھىم
(شىنجاڭ دېھقانچىلىق پەن - تېخنىكىسى ژۇرنىلى)

زامانىۋى يېزا ئىگىلىك پەن - تېخنىكا ئۇچۇرلىرىنىڭ ۋاستىسى بولغان يېزا ئىگىلىك پەن - تېخنىكا ژۇرناللىرى، جۇڭگوچە ئالاھىدىلىككە ئىگە يېزا ئىگىلىكىنى زامانىۋىلاشتۇرۇشنى ئىلگىرى سۈرۈشتىكى ئىلمىي ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچ ھەمدە ئەڭ يېڭى يېزا ئىگىلىك پەن - تېخنىكىلىرىنى تارقىتىشتىكى مۇھىم بازا ھېسابلىنىدۇ. يېزا ئىگىلىك پەن - تېخنىكا ژۇرناللىرى يېزا ئىگىلىك پەن - تېخنىكا مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى ۋە ئەڭ يېڭى يېزا ئىگىلىك ئۇچۇرلىرىنى قانداق قىلىپ كەڭ ئوقۇرمەنلەرگە يەتكۈزۈپ بېرەلەيدۇ؟ بۇنىڭ تۈپ چىقىش يولى يۇقىرى ساپالىق ئۇنىۋېرساللىققا ئىگە ئىختىساسلىق مۇھەررىرلەرنى تەربىيەلەش، يەنى يېڭىلىق يارىتىش ئېڭىغا، ئەتراپلىق بىلىم قۇرۇلمىسىغا ئىگە، تەھرىرلىك، نەشرىياتچىلىق كەسپىگە ۋە نەشرىياتچىلىق تېخنىكىسىغا ماھىر، بازار ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنىڭ ئېھتىياجىغا ماسلىشالايدىغان ئىختىساسلىق مۇھەررىرلەرنى يېتىشتۈرۈشتىن ئىبارەت. سۈپەت — يېزا ئىگىلىك پەن - تېخنىكا ژۇرناللىرىنىڭ جان تومۇرى، يۇقىرى ساپالىق مۇھەررىرلەر قوشۇنى — يېزا ئىگىلىك پەن - تېخنىكا ژۇرناللىرى سۈپىتىنىڭ كاپالىتى.

**1. يېزا ئىگىلىك پەن - تېخنىكا ژۇرنال مۇھەررىرلىرىنىڭ ئۆز ساپاسىنى ئۆستۈرۈشى توغرىسىدا**

1) مۇھەررىرلەرنىڭ ساپاسى — مۇھەررىرلەر ھازىرلاشقا تېگىشلىك بولغان بىلىم، ئەخلاق ۋە ئىقتىدارنى كۆرسىتىدۇ. مۇھەررىرلىك خىزمىتى كەسپچانلىقى، تېخنىكىلىقى، ئەمەلىيەتچانلىقى، ئىجادچانلىقى كۈچلۈك بولغان، كۆپ خىل پەنلەر گىرەلەشكەن ئۇنىۋېرسال ئەقلىي ئەمگەك بولۇپ، جاپالىق، ئىنچىكە، يۇقىرى مەسئۇلىيەتچانلىق ۋە تەقدىم قىلىش روھى بولۇشنى تەلەپ قىلىدىغان ئەمگەك. بۇ خىزمەتنىڭ خاراكتېرى ۋە ئىجتىمائىي مەسئۇلىيىتى مۇھەررىرلەرنىڭ چوقۇم بىرقەدەر كۈچلۈك بولغان ئۇنىۋېرسال ساپاغا ئىگە بولۇشنى بەلگىلىگەن.

2) توغرا سىياسىي ساپا، ياخشى ئىدىيەۋى ساپا، ئالىيجاناپ كەسپىي ئەخلاق ۋە مول كەسپىي بىلىم — يېزا ئىگىلىك پەن - تېخنىكا ژۇرناللىرى مۇھەررىرلىرى ھازىرلاشقا تېگىشلىك بولغان ئاساسىي كەسپىي ساپا. جەمئىيەت تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ پەنلەرنىڭ كۆپ خىللىشىشى يېزا ئىگىلىك پەن - تېخنىكا ژۇرنال مۇھەررىرلىرىنىڭ مول كەسپىي بىلىمگە ئىگە بولۇشنى ھەمدە ئۇنى ئۈزلۈكسىز يېڭىلاپ تۇرۇشنى تەلەپ قىلىدۇ، ئۇنىڭدىن باشقا يېزا ئىگىلىك پەن - تېخنىكا ژۇرنال مۇھەررىرلىرىدە چوقۇم ئىجتىمائىي ئالاقە ئىقتىدارى، كۈچلۈك مۇلازىمەت ئېڭى ۋە ئاكتىپ ھەمكارلىشىش روھى بولۇشى لازىم. شۇڭا مۇھەررىرلەر بىرقەدەر كۈچلۈك بولغان ئۇنىۋېرسال ساپا ھازىرلاپ، جەمئىيەتنىڭ ئۈزلۈكسىز ئوتتۇرىغا قويۇۋاتقان يېڭى تەلەپلىرىگە ماسلىشىشى لازىم.

3) يېزا ئىگىلىك پەن - تېخنىكا ژۇرنال تەھرىر بۆلۈملىرى، يېزا ئىگىلىك مەدەنىيىتىنىڭ كەسپىي تارمىقى، شۇنداقلا كەڭ خەلق ئاممىسىغا مەنىۋى ئوزۇق بېرىدىغان تارماق. بۇ بۆلۈمدىكى

www.uyghurkitap.com



مۇھەررىرلەر ساپاسىنىڭ يۇقىرى - تۆۋەن بولۇشى، خىزمەت ئىقتىدارىنىڭ ئاجىز - كۈچلۈك بولۇشى — يېزا ئىگىلىك پەن - تېخنىكا ژۇرناللىرىنىڭ سۈپىتىگە، سەۋىيەسىگە ۋە تەرەققىياتىغا زىچ مۇناسىۋەتلىك. شۇڭلاشقا بۇ ساھەدە سىياسىي نەزەرىيە ساپاسى يۇقىرى، كەسپىي ئاساسى كۈچلۈك، تېخنىكا سەۋىيەسى بىرقەدەر يۇقىرى، تەھرىرلىك ئىقتىدارى بىرقەدەر كۈچلۈك، يېزا ئىگىلىك پەن - تېخنىكا ژۇرناللىرىغا ئۆزىنى بېغىشلىغان زور بىر تۈركۈم ئىرادىلىك ئىختىساسلىق مۇھەررىرلەرنى يېتىشتۈرۈش ئىنتايىن مۇھىم.

**2. يېزا ئىگىلىك پەن - تېخنىكا ژۇرنال مۇھەررىرلىرىنىڭ ھەر تەرەپلىمە تەربىيەلىنىشى توغرىسىدا**

1) يېزا ئىگىلىك پەن - تېخنىكا ژۇرناللىرى يېزا ئىگىلىك ساھەسىدە يېتەكچىلىك رول ئوينايدىغان بولغاچقا، مۇھەررىرلەر يۈكسەك سىياسىي ساپاغا، توغرا ئىدىيەۋى نۇقتىئىنەزەرگە ئىگە بولۇشى، بولۇپمۇ يېزا ئىگىلىك ساھەسىدىكى قانۇن - تۈزۈملەرنى پىششىق بىلىشى، ژۇرنالنىڭ سىياسىي نىشانىنى ئېنىق ئىگىلىشى ھەمدە ژۇرنالنى ئىلغار پەن - مەدەنىيەتكە ھەقىقىي ۋەكىللىك قىلالايدىغان تەرەققىيات يۆنىلىشىگە يۈزلەندۈرۈپ، نادىر ئەسەرلەر بىلەن كىشىلەرنى يېتەكلىشى ھەم كىشىلەرگە ئىلھام بېرىشى لازىم.

2) يېزا ئىگىلىك پەن - تېخنىكا ژۇرناللىرى ئوقۇرمەنلەرگە ماسلاشقاندىلا، ئاندىن ئۇلارنى ئۆزىگە جەلپ قىلالايدۇ. مۇھەررىرلەر ئوخشاش بولمىغان ياشتىكى ئوقۇرمەنلەرنىڭ نېمىگە كۆڭۈل بۆلىدىغانلىقى، قانداق مەسىلىلەرگە قىزىقىدىغانلىقىنى تەتقىق قىلىشى لازىم. مەسىلەن، نۆۋەتتىكى باسقۇچتا پەن - تېخنىكا ئارقىلىق يېڭىلىق يارىتىش ۋە سوتسىيالىستىك يېڭى يېزا بەرپا قىلىشتا ئۇچراۋاتقان ھەرخىل مەسىلىلەرگە قارىتا ھەل قىلىش لايىھەلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇش ھەمدە قىممەتلىك پىكىر - تەلەپلەرنى بېرىش ئارقىلىق تېخىمۇ كۆپ ئوقۇرمەنلەرنى ئۆزىگە جەلپ قىلغىلى بولىدۇ. ژۇرنال سۈپىتىنىڭ ياخشى - يامان بولۇشىنى ئۆلچەيدىغان يەنە بىر ئۆلچەم ژۇرنال تىرازىنىڭ كۆپ - ئاز بولۇشىدا، بۇ شۇ ژۇرنالنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىنىڭ ئاساسى. ئەگەر ئوقۇرمەنلەرنىڭ پسىخىكىسى تەتقىق قىلىنماي، سۇبيېكتىپ خاھىش بويىچە ژۇرنال باشقۇرۇلسا ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئوقۇرمەنلەردىن ئايرىلىپ قالىدۇ - دە، ژۇرنالمۇ ئۆز ھاياتىي كۈچىنى يوقىتىدۇ. ھەر ساھەدىكى ئوقۇرمەنلەرنىڭ ئېھتىياجىنى قاندۇرۇشتىكى يەنە بىر ھالقىلىق مەسىلە — سەھىپىلەرنى پىلانلاش. پىلانلاشتا ئەمەلىيەت بىلەن بىرلەشتۈرۈش، دەۋر بىلەن تەڭ ئىلگىرىلەش، يېڭىلىق يارىتىش پرىنسىپىغا چوقۇم ئەمەل قىلىش كېرەك. مەسىلەن، ژۇرنال تەھرىر بۆلۈمىمىز ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ يېزا ئىگىلىك قۇرۇلمىسىنى تەڭشەش ستراتېگىيەسىگە يېقىندىن ماسلىشىپ، ژۇرنىلىمىزنىڭ سەھىپىلىرىنى جانلىق ئورۇنلاشتۇرۇپ، يېزا ئىگىلىككە دائىر سىياسەت - تەدبىرلەر، تەمىنلەش ۋە قۇرۇلما ئىسلاھاتى قاتارلىق يېڭى سەھىپىلەرنى يولغا قويۇپ، ياخشى ئۈنۈملەرنى قولغا كەلتۈردى.

3) يېزا ئىگىلىك پەن - تېخنىكا ژۇرنال مۇھەررىرلىرى چوقۇم يېڭىلىق يارىتىش يولىغا قاراپ مېڭىشى لازىم. يېڭىلىق يارىتىشتىكى ئاچقۇچلۇق مەسىلە — دەۋر تەرەققىياتىنىڭ ئېھتىياجىغا ماسلىشالايدىغان، يېڭى - يېڭى نەتىجىلەرنى يارىتالايدىغان، يېڭىلىق يارىتىش ئىقتىدارىغا ھەمدە يېڭىچە تەپەككۇر ئىقتىدارىغا ئىگە مۇھەررىرلەر قوشۇنىنى تەربىيەلەپ يېتىشتۈرۈشتىن ئىبارەت. بىر ئادەمنىڭ يېڭىلىق يارىتىش ئىقتىدارىنىڭ جانلىق بولۇش - بولماسلىقى، يېڭىلىق يارىتىش ئىقتىدارىنىڭ كۈچلۈك - ئاجىز بولۇشىدىكى ھالقىلىق مەسىلە يەنىلا، شۇ ئادەمنىڭ يېڭىلىق يارىتىش ساپاسىغا باغلىق. يېزا ئىگىلىك پەن - تېخنىكا ژۇرنال مۇھەررىرلىرىگە قارىتا ئېيتقاندا، بۇ يېزا ئىگىلىك كەسپىي ئىقتىدارى، يېزىقچىلىق قابىلىيىتى، تەھلىل قىلىپ ھۆكۈم قىلىش ئىقتىدارى، ھەمكارلىشىش ئىقتىدارى قاتارلىق جەھەتلەردە كونكرېت ئىپادىلىنىدۇ. شۇڭا يېزا ئىگىلىك پەن - تېخنىكا ژۇرناللىرىدىكى مۇھەررىرلەر قائىدە - تۈزۈملەرگە رىئايە قىلىش شەرتىدە، ئىلمىي تەپەككۇر قى-

لىش، هاردىم ـ تالدىم دېمەي ئەستايىدىل ئۆگە ـ
نىش ۋە ئەمەلىي پائالىيەتلەرگە قاتنىشىش قاتارلىق
يوللار ئارقىلىق يېڭىلىق يارىتىش قابىلىيىتىنى
كۈچەيتىشى لازىم. يەنە تەھرىرلىك خىزمىتىدە مۇئ ـ
داق تۆت خىل يېڭىلىق يارىتىش تەپەككۇر ئىقتىدا ـ
رىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇش لازىم.

(1) ئىزدىنىش خاراكتېرىدىكى تەپەككۇر ئىق ـ
تىدارى. بۇ كونا قائىدە ـ تۈزۈملەرگە ئېسىلىۋال ـ
ماي، يېڭى قاراشلارنى ئوتتۇرىغا قويۇش، يېڭى
شەيئىلەرنى تەرەققىي قىلدۇرۇش، يېڭى ساھەلەرنى
ئېچىشقا قارىتىلغان.

(2) جانلىق تەپەككۇر ئىقتىدارى. بۇ قاتمال تە ـ
پەككۇر قارىشىنى بۇزۇپ، ئەتراپلىق تەپەككۇر قى ـ
لىش، نەزەر دائىرىسىنى كېڭەيتىش، تەپەككۇر يولى
يېڭىچە بولۇش، ئىجابىي قارىشى ئۆزگىچە بولۇشقا
قارىتىلغان.

(3) تاللاش خاراكتېرىدىكى تەپەككۇر ئىقتىدارى.
بۇ تەھلىل قىلىش ۋە پەرق ئېتىش جەريانىدا شاكى ـ
لىنى تاشلىۋېتىپ مېغىزىنى ئېلىشقا قارىتىلغان.

(4) ئۇنىۋېرسال خاراكتېرلىك تەپەككۇر ئىقتى ـ
دارى. بۇ ۋەزىيەتنى توغرا مۆلچەرلەپ بىرنى بىلىش
ئارقىلىق باشقىلارنىمۇ بىلىش، جەۋھىرىنى ئاي ـ
رىپ، ئومۇملاشتۇرۇپ ئەڭ يېڭى نەتىجىگە ئىگە بو ـ
لۇشقا قارىتىلغان.

دېمەك يېزا ئىگىلىك پەن ـ تېخنىكا ژۇرنال
تەھرىر بۆلۈملىرى يۇقىرىقى تۆت خىل يېڭىلىق
يارىتىش ئىقتىدارىنى ئۆزئارا بىرلەشتۈرۈپ، يېڭى ـ
لىق يارىتالايدىغان، بىرگە ماھىر، كۆپكە قادىر
بولغان مۇھەررىرلەر قوشۇنىنى يېتىشتۈرۈپ چى ـ
قىشى لازىم.

4) يېزا ئىگىلىك پەن ـ تېخنىكا ژۇرنال مۇ ـ
ھەررىرلىرى يېزا ئىگىلىك پەن ـ تېخنىكا كەس ـ
پىي بىلىملىرىنى ئىگىلەش بىلەن بىللە، مۇناسى ـ
ۋەتلىك كەسپىي بىلىملەرنىمۇ ئىگىلىشى زۆرۈر.
يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشىغا يېتەكچىلىك قى ـ
لىدىغان ژۇرناللارغا، ئادەتتە ئوخشاش بولمىغان
كەسىپتىكى ماقالىلارمۇ كېلىپ تۇرىدۇ. ئەگەر مۇ ـ
ھەررىردە مۇستەھكەم يېزا ئىگىلىك كەسپىي ئا ـ
ساس ۋە كەڭ دائىرىدىكى زامانىۋى پەن ـ تېخنىكا
كەسپىي بىلىملەر بولمىسا، ماقالىلارنى ياخشى
تەھرىرلىگىلى ۋە ماقالىلارنى پىششىقلاپ ئىشلە ـ
گىلى بولمايدۇ. شۇڭا، مۇھەررىرلەر ئۆگىنىش ئې ـ
ڭىنى داۋاملىق ئۆستۈرۈپ، يەنى ئۆزلۈكىدىن ئۆ ـ
گىنىش، تەربىيەلىنىش، ئۈزلۈكسىز تەربىيەلىنىش
قاتارلىق ۋاسىتىلار ئارقىلىق بىلىم دائىرىسىنى
كېڭەيتىشى، مەدەنىيەت ساپاسىنى ئۆستۈرۈشى،
يېزا ئىگىلىك كەسپلىرىگە مۇناسىۋەتلىك بىلىم ـ
لەرنى تېخىمۇ چوڭقۇر ئۆگىنىشى ۋە بۇ ساھەدىكى
يېڭىلىنىۋاتقان ئۆزگىرىش ۋە ئەڭ يېڭى يېزا ئى ـ
گىلىك پەن ـ تېخنىكا مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى پۇختا
ئىگىلىگەن ئاساستا، تەھرىرلىمەكچى بولغان ماقا ـ
لىلارغا قارىتا، شۇ ساھەدە ئالدىنقى قاتاردا تۇرالى ـ
دۇ ـ يوق، مەزمۇنىدا يېڭىلىق بارمۇ ـ يوق دېگەن ـ
گە ھۆكۈم قىلالايدىغان بولۇشى لازىم. يەنە مۇھەر ـ
رىرلەر تېما تاللاش، ماقالە ئۇيۇشتۇرۇش، ماقالە
تەھرىرلەش، كوررېكتورلۇق قىلىش، نەشر قى ـ
لىش، تارقىتىش قاتارلىق ئىقتىدارلارنى چوقۇم
هازىرلىغان بولۇشى لازىم.

5) تەھرىرلىك خىزمىتى جەمئىيەتتىكى نۇرغۇن
ساھەلەرگە چېتىلىدۇ. كەسپىي جەھەتتىن ئېلىپ
ئېيتقاندا، مۇھەررىرلەر دائىم باشقۇرغۇچى تار ـ
ماقلار، باسما تارماقلىرى، نەشرىيات تارماقلىرى،
تارقىتىش تارماقلىرى بىلەن قويۇق مۇناسىۋەتتە
بولىدۇ. بۇ جەرياندا رەھبەرلەر، يېزا ئىگىلىك مۇ ـ
تەخەسسىسلىرى، ئاپتورلار، ئوقۇرمەنلەر بىلەن
ئالاقىدە بولىدۇ. بۇ قارىماققا ئادەتتىكىدەك ئالاقە
بولسىمۇ، لېكىن بىر مۇھەررىرنىڭ ئىجتىمائىي
پائالىيەت ئىقتىدارىنىڭ قانچىلىكلىكىنى نامايەن
قىلىپ بېرىدۇ. شۇڭا مۇھەررىرلەر ئۆز خىزمىتىنى
پۇختا ئىشلەش بىلەن بىرگە مۇئەييەن ئىجتىمائىي
ئالاقە ئىقتىدارى، تەشكىللەش ئىقتىدارى ھەمدە
جەمئىيەت تەجرىبىسىگە ئىگە بولۇشى لازىم. ھەر
قايسى تەرەپلەرنىڭ مۇناسىۋىتىنى ياخشى بىر تەرەپ
قىلغاندىلا ژۇرنالنى ياخشى باشقۇرغىلى ۋە تېز تە ـ
رەققىي قىلدۇرغىلى بولىدۇ.

**مۇھەررىر: مۇنەۋۋەر ئېزىز**

# نېمە ئۈچۈن پىۋا بوتۇلكىسى ئاغزىنىڭ ھەرە چىشى داۋاملىق 21 تال بولىدۇ

پىۋا بوتۇلكىسى ئاغزىنىڭ ھەرە چىشى قانچە بولىدۇ؟ بۇنى كۆپ كىشىلەر بىلمەيدۇ. ئۇنداقتا سىلەرگە ئېيتىپ بەرسەك، بىز دائىم كۆرۈپ تۇرىدىغان خان تاجى شەكىللىك پىۋا بوتۇلكىلىرىنىڭ مەيلى چوڭى بولسۇن ياكى كىچىكى بولسۇن ھەممىسىنىڭ بوتۇلكا ئاغزىدىكى ھەرە چىشى 21 تال بولىدۇ. ئۇنداقتا نېمە ئۈچۈن بوتۇلكا ئاغزىنىڭ ھەرە چىشى 21 تال بولىدۇ؟

پىۋا بوتۇلكىسىنىڭ قەلەي ئاغزى تېخى كەشىپ قىلىنمىغاندا بوتۇلكا ئاغزىغا ياغاچ پۇرۇپكا ئىشلىتىلەتتى. لېكىن ياغاچ پۇرۇپكىنى ئېچىش بەك ئاۋارىچىلىق ئىدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە پىۋا ئۆزى گازلىق ئىچىملىك بولغاچقا، ئەگەر بىرلا قېتىمدا ئاغزىنى ئېچىۋەتمىسە، ئۇنىڭ ئىچىدىكى گاز ئاستا - ئاستا يوقاپ، يېتەرلىك كۆپۈكچە ھاسىل بولمايدۇ. بۇنىڭ بىلەن تەممۇ ئۆزگىرىپ قالىدۇ.

19 - ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا ئەنگلىيەلىك ۋىلھېلم پېيت پىۋا بوتۇلكىسىنىڭ قەلەي ئاغزىنى كەشىپ قىلغان. ھەرە چىشلىق پىۋا بوتۇلكا ئاغزى ئەڭ ياخشى تاللاش بولۇپ، پەقەت بىر بوتۇلكا ئاچقۇچ (ئەتۋىركە) بولسا، ئاستاغىنا قايرىسىلا ناھايىتى تېز ئاچقىلى بولىدۇ. ئەينى ۋاقىتتىكى پىۋا بوتۇلكىسى ئاغزىنىڭ سىرتقى كۆرۈنۈشى ھازىرقىسى بىلەن ئاساسەن ئوخشاش بولۇپ، ئىچىملىك بىلەن مېتالنىڭ تېگىشمەسلىكى ئۈچۈن بوتۇلكا ئاغزى ئىچىگە قەغەز پارچىسى قىستۇرۇلغان. پەقەت بىرلا ئوخشىمايدىغان يېرى ئەينى ۋاقىتتىكى پىۋا بوتۇلكىسى ئاغزىدا 24 تال ھەرە چىشى بار ئىدى. بۇ 24 تال چىش بولسا پاتېنت ئىلتىماس قىلىنغان بولۇپ، تاكى 20 - ئەسىرنىڭ 30 - يىللىرىغىچە ئىشلىتىلگەن. ئەڭ دەسلەپتە، بوتۇلكا ئاغزىنى ئورنىتىش ئۈچۈن بىر دانە دەسسەيدىغان پىرېسلىغۇچ ئىشلىتىلىدىغان بولۇپ، بىر - بىرلەپ بوتۇلكىغا قاچىلىناتتى. سانائەتلەشتۈرۈش جەريانىنىڭ تېزلىشىغا ئەگىشىپ، قول بىلەن قاپلاش ئۇسۇلى سانائەتتە قاپلىنىدىغان بولدى. يەنى بوتۇلكا ئاغزى يۇمشاق نەيچە ئىچىگە كىرگۈزۈلۈپ ئۆزلۈكىدىن بوتۇلكىغا ئورنىتىلىدىغان بولدى. لېكىن بۇ جەرياندا 24 ھەرە چىشلىق بوتۇلكا ئاغزى ئاسانلا ئۆزلۈكىدىن تولدۇرغۇچنىڭ يۇمشاق نەيچىسى ئىچىگە توسۇلۇپ قالىدىغانلىقىنى بايقىغان. شۇڭا كىشىلەر 24 تال ھەرە چىشىدىن بىرنى ئازايتىپ، 23 تال قىلغان. ھالبۇكى ئورنىتىش جەريانىدا پەيدىنپەي 23 تال ھەرە چىشنىڭ ھىملىقى 21 تال ھەرە چىشى بولغىنىدەك ياخشى بولمايدىغانلىقىنى بايقىغان. شۇنىڭ بىلەن كىشىلەر بۇ ھەرە چىشلىرىنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ ئاز بولغىنىنى يەنى 21 تال ھەرە چىشلىق بوتۇلكا ئاغزىنى ئىشلىتىپ تاكى بۈگۈنگە قەدەر كەلگەن.

ئەلۋەتتە، بۇ سىز بىر ھەرە چىشنى ئازايتىشنى ئويلاپلا ئازايتقاندەك ئاسان بولماستىن، 21 تال ھەرە چىشى بولۇشنى مۇقىملاشتۇرۇش كىشىلەرنىڭ ئەمەلىيەت ۋە ئەقىل - پاراسىتىنىڭ جەۋھىرى.

پىۋا تەركىبىدە كۆپ مىقداردا كاربون دىئوكسىد بولۇپ، بوتۇلكا ئاغزىغا قارىتا ئەڭ ئاساسلىق ئىككى تەلىپى بولىدۇ. ئۇنىڭ بىرسى ھىملىقى ياخشى بولۇشى كېرەك، يەنە بىرسى بەلگىلىك جىپسلىشىشقا ئىگە بولۇشى كېرەك، يەنى ئادەتتە دېيىلگەندەك بوتۇلكا ئاغزى چىڭ بولۇشى كېرەك. بۇ ھەربىر بوتۇلكا ئاغزى پۇرمىسىنىڭ سانى ۋە بوتۇلكا ئاغزىنىڭ ئۈچرىشىش يۈزى چوقۇم بەلگىلىك نىسبەتتە بولۇشى كېرەكلىكىنى كۆرسىتىدۇ. ھەربىر پۇرمىنىڭ ئۈچرىشىش يۈزىنىڭ تېخىمۇ چوڭ

# سونارنىڭ كىشىنى چۆچۈتكۈدەك قىرىش كۈچى بار

سونار ئەڭ بۇرۇن ھەربىي ئىشلاردا ئىشلىتىلگەن، يەنى سۇ ئاستى كېمىسىنى ئاساس قىلغان نىشاننى تەكشۈرۈش ئۈچۈن ئىشلىتىلگەن. ئادەتتە كۆپچىلىك سۇ ئاستىدىكى ھەر تۈرلۈك ئاۋاز دولقۇنىدىن پايدىلىنىدىغان ئۈسكۈنىلەرنىڭ ھەممىسىنى سونار دەپ ئاتايدۇ. سونارنىڭ خىزمەت چاستوتىسى ئادەتتە 100 گېرتستىن نەچچە ئون مېگاگېرتسقىچە بولۇپ، ئاۋاز دولقۇنى ۋە ئۇلترا ئاۋاز دولقۇنىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، لېكىن ئىنفرا ئاۋاز دولقۇنىنى ئۆز ئىچىگە ئالمايدۇ. ئۇلترا ئاۋاز دولقۇنلۇق سونار دېڭىزغا قويۇپ بېرىلىدۇ، ئۇ تەكشۈرۈش رولىنى ئۆتەلەيدۇ، قىرغىن قىلىش كۈچى ئۇنچە چوڭ ئەمەس. كىنو فىلىملىرىدىكى سونارلار بولسا، ناھايىتى چوڭ ئېنېرگىيەدىكى ئىنفرا ئاۋاز دولقۇنلۇق سونار بولغاچقا كۈچى قورال كۈچىنىڭ دەرىجىسىگە يېتىدۇ. ئەمما ئەمەلىيەتتە، ئىنفرا ئاۋاز دولقۇنلۇق قوراللار مەۋجۇت ئەمەس، سەۋەبى بولسا يۇقىرى ئېنېرگىيەلىك ئىنفرا ئاۋاز دولقۇنى ھاسىل قىلىش ئىنتايىن قىيىن، ھەممە ھەربىي ئىشلاردىكى ئۈنۈمىمۇ تۆۋەن.

بەزى كىشىلەر سونار دېڭىز ئاستىدىكى بەزى ئاۋاز دولقۇنىغا تايىنىپ يۆنىلىشىنى بەلگىلەيدىغان دېڭىز جانلىقلىرىغا تەسىر كۆرسىتىدۇ دەپ ئەنسىرىگەن. نەزەرىيە نۇقتىسىدىن ئانالىز قىلساق، يۇقىرى بېسىملىق ئاۋاز دولقۇنى ھەقىقەتەن دېڭىز جانلىقلىرىنىڭ ئاڭلاش ئەزاسىنى زەخىملەندۈرۈشى مۇمكىن. شۇڭا ھازىرقى يۇقىرى ئېنېرگىيەلىك تۆۋەن چاستوتىلىق سونارلارنىڭ ھەممىسىدە دېڭىز جانلىقلىرىنى قوغدايدىغان بىر خىل لايىھەسى بار بولۇپ، ئەمدى خىزمەتكە كىرىشكەن ۋاقتىدا تۆۋەن بېسىم بىلەن قويۇپ بەرسە، جانلىقلار بىئاراملىق ھېس قىلىپ يىراق كېتىدۇ، شۇڭا كەينىدىنلا يۇقىرى بېسىم بىلەن قويۇپ بەرگەندە دېڭىز جانلىقلىرى زەخىملەنمەيدۇ.

**تەرجىمە قىلغۇچى: مۇنىرە ئابدۇقادىر**
**مۇھەررىر: پەزىلەت تۇرغۇن**

بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىنغاندا، ھەم بوتۇلكا ئاغزىنىڭ سىرتقى قىسمىدىكى دولقۇنسىمان قىسمىنىڭ سۈركىلىشىنى ئاشۇرسا ھەم ئېچىشقا ئاسان بولىدۇ. 21 تال ھەرە چىشى بۇ تەلەپلەرنى قاندۇرىدىغان ئەڭ ياخشى تاللاش.

ھالبۇكى بوتۇلكا ئاغزىدىكى ھەرە چىشى سانىنىڭ نېمە ئۈچۈن 21 تال بولۇشىدىكى يەنە بىر سەۋەب بوتۇلكا ئاچقۇچ (ئەتۈركە) بىلەن مۇناسىۋەتلىك. پىۋا تەركىبىدە كۆپ مىقداردا گاز بولغاچقا، ئەگەر ئېچىش مۇۋاپىق بولمىسا ئىچكى گاز بېسىمى تەكشى بولماي ئادەمنى زەخىملەندۈرۈپ قويىدۇ. بوتۇلكا ئاغزىنى ئاچىدىغان ئاچقۇچنى كەشىپ قىلغاندىن كېيىن، ھەرە چىشىغا قارىتا توختىماستىن تۈزىتىش قىلىنغان. ئەڭ ئاخىرىدا 21 تال ھەرە چىشىغا مۇقىملاشقاندا، بوتۇلكا ئاغزىنى ئېچىش ئاسان ۋە بىخەتەر بولغان. شۇڭا ھازىر ھەممە پىۋا بوتۇلكىسى ئاغزىنىڭ ھەرە چىشى بىردەك 21 تال بولىدۇ.

**تەرجىمە قىلغۇچى: مۇنەۋۋەر ئېزىز**
**مۇھەررىر: جۈرئەت ھەبىبۇل**

www.uyghurkitap.com



# يېمەكلىكلەر توغرىسىدا قىسقىچە ساۋات

بىز كۈندىلىك تۇرمۇشىمىزدا قايسى خىل يېمەكلىك مايلارنىڭ ماي تەركىبى تۆۋەن، ئادەمنى ئاسان سەمرىتمەيدۇ؟ مېۋىلەرنى ئاقلىۋەتسە پاكىز (زەھەرسىزلەنگەن) بولامدۇ؟ دېگەندەك مەسىلىلەرگە دائىم يولۇقۇپ تۇرىمىز. بۇ جەھەتتە تۆۋەندىكى سوئال - جاۋابلاردىن مەلۇم ساۋاتقا ئىگە بولالايمىز.

1. توخۇ گۆشى كالا، قوي گۆشىگە قارىغاندا، پىششىق گۆش خام گۆشكە قارىغاندا ئاسان ھەزىم بولىدۇ دېيىش توغرىمۇ؟

ھەممىلا كىشى ئومۇمەن يۇقىرىقىدەك كۆز قاراشتا بولسىمۇ، ئەمما بۇنداق قاراش توغرا ئەمەس. چۈنكى بۇنىڭ قىلچىمۇ ئىلمىي ئاساسى يوق.

2. كالا، قوي گۆشىنىڭ بەزى قىسىملىرىنىڭ ئوزۇقلۇق تەركىبى يۇقىرى بولامدۇ؟

شۇنداق دەپ ئېيتىشقا بولىدۇ. مەسىلەن، بىر پۈتۈن گۆشنىڭ بولجۇڭ گۆش قىسمى (يەنى ئوروق گۆش) قانچە كۆپ بولسا ئوزۇقلۇق قىممىتى شۇنچە يۇقىرى بولىدۇ.ئەكسىچە، سېمىز گۆشنىڭ ئوزۇقلۇق قىممىتى شۇنچە تۆۋەن بولىدۇ.

3. توخۇم بىردىنبىر يېمەكلىكمۇ؟

ئۇنداق ئەمەس. گەرچە توخۇمنىڭ ئوزۇقلۇق قىممىتى ناھايىتى يۇقىرى، تەركىبىدە ئادەمنىڭ



ئۆسۈپ يېتىلىشىدە زۆرۈر بولغان ھەرخىل ۋىتامىنلار ناھايىتى مول بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ تەركىبىدە كاربون سۇ بىرىكمىلىرى ۋە ۋىتامىن C يوق.

4. قايسى خىل يېمەكلىك ياغلىرىنىڭ ماي تەركىبى ئەڭ تۆۋەن بولىدۇ ۋە ئادەمنى ئاسان سەمرىتمەيدۇ؟

بارلىق يېمەكلىك ياغلاردىكى ماي تەركىبى ئاساسەن ئوخشاش. شۇنىڭ ئۈچۈن، مەيلى قايسى خىل ياغ بولمىسۇن ھەممىسىنىڭ ئادەم بەدىنىنىڭ سەمىرىشىگە قارىتا بولغان تەسىرى ئوخشاش بولىدۇ.

5. ماي قانچە سۈزۈك ھەم سۇيۇق بولسا ئادەم بەدىنى ئۈچۈن شۇنچە پايدىلىقمۇ؟

شۇنداق. ماي قانچە سۇيۇق بولسا، ئۇنىڭ تەركىبىدە تويۇنمىغان ياغ كىسلاتاسى شۇنچە كۆپ بولىدۇ. بۇ ئادەم بەدىنىدىكى خولېستېرىننى ئازايتىپ بەدەندىكى قاننىڭ ئايلىنىشىنى نورماللاشتۇرىدۇ.

6. تەبىئىي ھەسەل سۈنئىي ئىشلەنگەن شېكەردىن ياخشىمۇ؟

كىشىلەر ئادەتتە ھەسەلنىڭ تەركىبى پۈتۈنلەي دېگۈدەك ۋىتامىن ۋە ئانئورگانىك ماددىلاردىن ئىبارەت دەپ قارايدۇ. لېكىن ھەسەلدىكى بۇ خىل تەركىبلەرنىڭ مىقدارى ناھايىتى ئاز بولۇپ، كۈندە ئالتە كىلوگىرام ھەسەل يېسە ئاندىن ئادەم بەدىنىنىڭ ۋىتامىن C غا بولغان ئېھتىياجى قامدىلىدۇ. 100 گىرام ھەسەل تەركىبىدە بەش مىللىگىراملا كالتسىي بولىدۇ، بىر ئىستاكان سۈت تەركىبىدە بولسا 315 مىللىگىرام كالتسىي بولىدۇ.

7. كالا سۈتى ياشانغانلارغا ئوزۇق بولامدۇ؟

بوۋاقلارنىڭ ئۈچەي شىللىق پەردىسى كۆپ مىقداردا گالاكتوزا ئاجرىتىپ چىقىرىدۇ، بۇ خىل فېرمېنت لاكتوزىنىڭ ھەزىم بولۇشىدا كەم بولسا بولمايدۇ. ياشانغانلارنىڭ گالاكتوزا ئاجرىتىپ چە-

قىرىشى ناھايىتى ئاز بولىدۇ. شۇڭا ياشانغانلار سۈت ئىچكەندە باشقا قوشۇمچە يېمەكلىكلەرنى قوشۇشى لازىم.

8. ئەگەر مېۋە - چېۋىلەرنى ئاز يېسە بەدەندە ۋىتامىن C ئازىيىپ كېتەمدۇ؟

ئۇنداق ئەمەس. كۆكتاتلارمۇ سىزنى يېتەرلىك دەرىجىدە ۋىتامىن C بىلەن تەمىنلەيدۇ. مەسىلەن، ھەر 100 گىرام پۇرچاق تەركىبىدە 20 مىللىگىرام، كاللەكبەسەي تەركىبىدە 47 مىللىگىرام ۋىتامىن C بولىدۇ.

9. يېمەك - ئىچمەكنى نورمىلىق يېسىمۇ، بىراق مېۋە - چېۋىلەرنى خالىغانچە يېيىشكە بولامدۇ؟

بولمايدۇ. كىشىلەر، ئومۇمەن مېۋە - چېۋە تەركىبىدە كۆپ مىقداردا سۇ، كۆپ خىل ۋىتامىن ۋە ئانئورگانىك ماددىلار بار، ئۇنى خۇددى سەي - كۆكتاتلارغا ئوخشاش خالىغانچە يېسە بولىۋېرىدۇ دەپ قارايدۇ. بىراق مېۋە - چېۋە تەركىبىدىمۇ قەنت بار. مەسىلەن، 0.5 كىلوگىرام ئۈزۈم 350 كىلوكالورىيە ئىسسىقلىققا ئىگە.

10. مېۋىلەرنىڭ پوستىنى ئاقلىۋەتسە پاكىز (زەھەرسىزلەنگەن) بولامدۇ؟

بۇنداق ئۇسۇلنىڭ قىلچىمۇ ئەھمىيىتى يوق. چۈنكى ئالما ئېتى ۋە ئالما پوستى ئوخشاشلا زەھەرلىك ماددىلارنى ئۆزىگە سۈمۈرىدۇ. شۇڭا ئاشقازىنى ياخشى كىشىلەر ئالمىنى يۇيۇۋېتىپلا يېسە بولىۋېرىدۇ، ئاقلاشنىڭ ھاجىتى يوق.

11. يېمەكلىك تەركىبىدىكى تۇز مىقدارىنى قانداق مۆلچەرلىگىلى بولىدۇ؟

ئەگەر سىز سۇبيېكتىپ ھالدا ئېغىزدا تېتىپ بېقىش ئارقىلىق بىلمەكچى بولسىڭىز، ئۇنداقتا سىز خاتالاشقان بولىسىز. بەزى يېمەكلىكلەرنىڭ تۇز تەركىبى يۇقىرى بولىدۇ، لېكىن يېگەندە سىزگە تۇزلۇق تېتىمايدۇ. مەسىلەن، ھەر 100 گىرام توخۇ گۆشى تەركىبىدە 138 مىللىگىرام، ھەر 100 مىللىلېتىر كالا سۈتى تەركىبىدە 49 مىللىگىرام تۇز بار.



12. قاتتىق سۇ ئادەم بەدىنىگە زىيانلىقمۇ؟

(قاتتىق سۇ دېگىنىمىز تەركىبىدە مىنېرال ماددىلار يەنى كالتسىي تۇزلىرى ۋە ماگنىي تۇزلىرى بولغان سۇنى كۆرسىتىدۇ. مەسىلەن، تۇرۇبا سۈيى، ئېرىق - ئۆستەڭ سۇلىرى ۋە تاغ سۇلىرى قاتتىق سۇغا كىرىدۇ) قاتتىق سۇ تەركىبىدە كالتسىي ۋە ماگنىيلار كۆپ بولىدۇ. كورا، چۆگۈن ۋە تۇرۇبىلاردا دائىم دېگۈدەك دۇغ (چۆكمە) پەيدا بولىدۇ. بۇ ئادەم بەدىنى ئۈچۈن زىيانلىق ئەمەس. نۇرغۇن تەجرىبىلەردىن ئىسپاتلىنىشىچە، قاتتىق سۇنى ئىچىملىك قىلىدىغان چوڭ شەھەرلەردە يۈرەك قان تومۇر كېسەللىكى بىلەن ئۆلىدىغان كىشىلەر ناھايىتى ئاز ئىكەن. ئەمما شۇنىڭغا دىققەت قىلىش لازىمكى، ئەتىگەندە سۇ ئىشلىتىشتىن ئىلگىرى تۇرۇبا سۈيىنى بىردەم ئاققۇزۇۋېتىش لازىم. چۈنكى بىر كېچە تۇرغان تۇرۇبا سۈيى تەركىبىدە خېلى كۆپ مىقداردا قوغۇشۇن ۋە باشقا مېتال ئېلېمېنتلار بولىدۇ.

13. بىر ئادەم بىر كۈندە قانچىلىك سۇ ئىچىشى لازىم؟

ئالاھىدە كېسەللىككە گىرىپتار بولغۇچىلار مەسىلەن، يۈرەك مۇسكۇل ئىقتىدارى، بۆرەك فۇنكسىيەسى تولۇق بولمىغان كىشىلەردىن باشقىلار كۈنىگە تەخمىنەن 1.5 كىلوگىرام سۇ ئىچىشى لازىم. ئادەتتىكى ئەھۋالدا بىز ئىچكەن سۇنىڭ مىقدارى ھەمىشە بەدىنىمىز ئېھتىياجلىق بولغان سۇنىڭ مىقدارىغا يەتمەيدۇ. شۇڭا دائىم سۇ ئىچىپ تۇرۇشىمىز لازىم.

(ماتېرىيالدىن ئېلىندى)

www.uyghurkitap.com



# پەن - تېخنىكا سارايلىرىنىڭ پېدائىيلار مۇلازىمەت ئۇسۇللىرى ھەققىدە ئىزدىنىش

لىۋ شىن
(شىنجاڭ پەن - تېخنىكا سارىيى)

مەملىكىتىمىز سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇشنىڭ يېڭى باسقۇچىغا كىردى، جەمئىيەت قۇرۇشتا بارغانسېرى ئەلرايىنى ئاساس قىلىدىغان ئىجتىمائىي ئىشلار، ئىجتىمائىي باشقۇرۇش، ئىجتىمائىي مۇلازىمەت قاتارلىق كۆپ تەرەپلىمىلىك مەزمۇنلاردا ئىپادىلىنىۋاتىدۇ، ئىجتىمائىي ئىشلارنى تەرەققىي قىلدۇرۇش، ئىجتىمائىي باشقۇرۇش ۋە ئىجتىمائىي مۇلازىمەتنى ئۈنۈملۈك يۈرگۈزۈش قاتارلىق تەرەپلەردە زور بىرقىسىم پېدائىيلار قوشۇنىغا ئېھتىياجلىق بولۇۋاتىدۇ. بۇ ماقالىدا ئاددىي، چۈشىنىشلىك تىللار ئارقىلىق يېڭى دەۋردىكى پەن - تېخنىكا سارايلىرىنىڭ پېدائىي مۇلازىمىتىدىكى ساقلانغان مەسىلىلەر يېشىپ چۈشەندۈرۈلىدۇ.

18 - قۇرۇلتاي ئېچىلغاندىن بېرى، مەملىكىتىمىز سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇشنىڭ يېڭى باسقۇچىغا قەدەم قويدى، ئىجتىمائىي قۇرۇلۇش ئىشلىرى، ئەلرايىنى ئاساس قىلغان ئىجتىمائىي ئىشلار، ئىجتىمائىي باشقۇرۇش ۋە ئىجتىمائىي مۇلازىمەت قاتارلىق تەرەپلەردە بارغانسېرى ئۆزىنى ئىپادىلەۋاتىدۇ، بۇلار خەلقنىڭ بەخت ۋە ئامانلىقىغا مۇناسىۋەتلىك بولۇپلا قالماي، ئەڭ مۇھىمى سوتسىيالىستىك ئىناق جەمئىيەت قۇرۇش بىلەن مۇناسىۋەتلىك، ئىجتىمائىي ئىشلارنىڭ راۋاجلىنىشىدا زور بىرقىسىم پېدائىي قوشۇنىغا موھتاج بولىدۇ.

### 1. پېدائىينىڭ ئېنىقلىمىسى

مەملىكىتىمىز پېدائىيلار جەمئىيىتى «پېدائىي» دېگەن سۆزگە مۇنداق ئېنىقلىما بەرگەن: ماددىي ھەق تەلەپ قىلمايدىغان، ئەخلاق - پەزىلەت، ئېتىقاد ۋە مەسئۇلىيەتنى ئاساس قىلىپ جەمئىيەت ۋە باشقىلارغا مۇلازىمەت قىلىدىغان ۋە ياردەم قىلىدىغان كىشىلەر «پېدائىي» ھېسابلىنىدۇ. پېدائىيلىق خىزمىتى ھەرقانداق كىشى ئۆزىنىڭ ۋاقتى ۋە كۈچىنى سەرپ قىلىپ، ھېچقانداق ھەق تەلەپ قىلمىغان شارائىتتا، ئىجتىمائىي مۇلازىمەت سۈپىتىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش، جەمئىيەت تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن قىلغان مۇلازىمەتتۇر.

پېدائىي خىزمىتى، پېدا قىلىش، ھەقسىز، جامائەت پاراۋانلىقى، تەشكىللەشچانلىقتا ئىگە بولۇشتەك تۆت خىل ئالاھىدىلىككە ئىگە. جەمئىيەتكە نىسبەتەن پېدائىيلىق پائالىيەتلىرىنىڭ ئەھمىيىتى تۆۋەندىكىدەك يىغىنچاقلانغان:

بىرىنچى، مېھىر - مۇھەببەت يەتكۈزۈش، پېدائىيلار جەمئىيەتكە غەمخورلۇق يەتكۈزۈش بىلەن بىللە مېھىر - مۇھەببەت ۋە مەدەنىيەتنى جەمئىيەتكە يەتكۈزىدۇ، بۇ خىل «مېھىر - مۇھەببەت» ۋە «مەدەنىيەت» بىر كىشىدىن بىر كىشىگە يەتكۈزۈلۈپ، ئەڭ ئاخىرىدا يىغىلىپ كۈچلۈك ئىجتىمائىي ئىللىقلىقنى شەكىللەندۈرىدۇ. ئىككىنچىدىن، ئىناق جەمئىيەت بەرپا قىلىشقا پايدىلىق. پېدائىي خىزمىتى ئىجتىمائىي ئالاقە ۋە ئۆزئارا ياردەم بېرىدىغان پۇرسەتنى يارىتىپ، كىشىلەر ئارىسىدىكى ئالاقە ۋە غەمخورلۇقنى كۈچەيتىپ ۋە يېقىنلاشتۇرىدۇ، جەمئىيەتنىڭ ئىناقلىقىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ. ئۈچىنچىدىن، جەمئىيەتنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ، جەمئىيەتنىڭ تەرەققىياتى پۈتۈن جەمئىيەتنىڭ ئورتاق قاتنىشىشى ۋە تىرىشىشىغا موھتاج. پېدائىيلىق خىزمىتى تېخىمۇ كۆپ كىشىلەرنى جەمئىيەت ئۈچۈن مۇلازىمەت قىلىش سې-

پىگە قاتنىششنى تەشەببۇس قىلىپ، جەمئىيەتنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈشتە ئاكتىپ رول ئوينايدۇ. پىدائىي خىزمىتى بىلەن شۇغۇللىنىش، مېھىر - شەپقەت ۋە خەير - ساخاۋەتنى كۆز - كۆز قىلىدىغان ئىش ئەمەس، ھەممە كىشىنىڭ جەمئىيەت ئىشلىرىغا قاتنىشىدىغان ھوقۇقى ۋە جەمئىيەت ئىشلىرىنى ئىلگىرى سۈرىدىغان رولى بار بولۇپ، پىدائىي خىزمىتىنى قىلىش ھەربىر كىشىنىڭ جەمئىيەتنىڭ گۈللىنىشىنى ئىلگىرى سۈرىدىغان مەجبۇرىيەت ۋە ھوقۇقىنىڭ ئىپادىلىنىشىدىكى ئاكتىپ ۋە ئۈنۈملۈك ئۇسۇل. باشقىلارغا ۋە ياكى جەمئىيەتكە مۇلازىمەت قىلىش جەريانىدا ئۆزىمىزنىڭ ساپايىمىزنى ئۆستۈرۈشىمىزمۇ ئىلگىرىلىشىمىزگە پايدىلىق، شۇڭا پىدائىي بولۇش «كىشىلەرگە ياردەم قىلىش» ھەمدە «ئۆزىگە بولغان ياردەم» بولىدۇ. «باشقىلارنى خۇشال قىلىدۇ» ۋە «ئۆزىنى خۇشال قىلىدۇ».

**2. يېڭى ۋەزىيەتتىكى پەن - تېخنىكا سارايلىرىدىكى پىدائىي خىزمىتىدە ساقلانغان مەسىلىلەر**

(1) باشقۇرۇش تۈزۈلمىسى رەتكە سېلىنمىغان. مەملىكىتىمىزنىڭ پەن - تېخنىكا سارايلىرىدىكى پىدائىيلار قوشۇنىنىڭ ھازىرقى ئەھۋالىدىن قارىغاندا، ئۆزىنىڭ تېگىشلىك رولىنى جارى قىلدۇرالمىغان. پىدائىيلىق خىزمىتى يېقىندىن باشلانغان مەزگىللەردە، پارتىيە، ھۆكۈمەت، تەشكىلات ۋە ئىشلەتكۈچى ئورۇنلارنىڭ كۈچلۈك تۈرتكىسىدە ئۆزىنىڭ مۇھىم رولىنى جارى قىلدۇرغان ئىدى، لېكىن ھازىرغا كەلگەندە، پىدائىي خىزمىتى شەكىللۋازلىققا ئايلىنىپ قالدى. ئاددىي، تومتاق بولغان باشقۇرۇش تۈزۈلمىسى پىدائىيلارنىڭ ھاياتىي كۈچىنى جارى قىلدۇرۇشقا توسقۇنلۇق قىلدى.

(2) تەشكىللەش ئىقتىدارىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش كېرەك.

پىدائىي خىزمىتى تېخىمۇ چوڭقۇر ۋە كەڭ دائىرىدە ئېلىپ بېرىلىشى لازىم. پىدائىي تەشكىلاتلار ئىقتىدارىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش ۋە ئۆستۈرۈش ئىنتايىن مۇھىم. ھازىرغا قەدەر، پەن - تېخنىكا سارايلار ئارىسىدىكى تەشكىللەش ئىقتىدارى تۆۋەن، نۇرغۇن خىزمەتلەرنى قولىنىڭ ئۇچىدا قىلىش ئەھۋالى مەۋجۇت، تەشكىللەش ئىقتىدارى ئەكسىچە پىدائىيلارنىڭ ئىقتىدارىنى بوغىدىغان بوغقۇچ بولۇپ قالغان.

(3) قانۇن - تۈزۈم قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش لازىم.

گەرچە بەزى رايونلاردا، پىدائىيلار مۇلازىمىتىگە قارىتا يەرلىك سىياسەتلەر تۈزۈلگەن بولسىمۇ، دۆلەتنىڭ قانۇن - تۈزۈملىرىدە تېخى ئېنىق بۇ تۈرلۈك مەزمۇن يوق، قانۇنىي تۈزۈم قۇرۇلۇشىنىڭ ئارقىدا قېلىشى پىدائىيلارنىڭ مۇلازىمىتىنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا توسقۇنلۇق قىلىۋاتىدۇ.

**3. خىزمەتتە يېڭىلىق يارىتىپ، شىنجاڭ پەن - تېخنىكا پىدائىي قوشۇنىنى شەكىللەندۈرەيلى**

بىرىنچىدىن، پەننى ئومۇملاشتۇرۇش ۋە پىدائىيلىق خىزمەت دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈش، يېڭى مۇنەۋۋەر پىدائىي خىزمەت مەدەنىيىتى مۇھىتىنى يارىتىش. تەقدىم قىلىش، مېھرىبانلىق، ئۆزئارا ياردەم، ئىلگىرىلەشنى ئاساسلىق مەزمۇن قىلغان پىدائىيلەر روھى پىدائىي خىزمىتىنىڭ ئاساسى، پىدائىي خىزمىتىنىڭ ئۇزۇن مۇددەت چوڭقۇر ئېلىپ بېرىلىشىدىكى ئىچكى ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچى. پىدائىيلارنىڭ خىزمىتى پەننى ئومۇملاشتۇرۇش ۋە تارقىتىش بولغاچقا، پىدائىي ئىشلىرىنىڭ تەسىر دائىرىسى ۋە ھاياتىي كۈچىنى بەلگىلەپ بېرىدۇ. شۇڭا شىنجاڭ پەن - تېخنىكا سارىيى پىدائىي خىزمەت نىزامى بولغان پەننى ئومۇملاشتۇرۇش ۋە تارقىتىشنى خىزمەتلەرنىڭ ھەرقايسى تەرەپلىرىگە سىڭدۈرۈۋەتكەن، ھەمدە پىدائىيلىق خىزمەت بىلىملىرىنى كەڭ خەلق ئاممىسىغا ئومۇملاشتۇرۇپ، ئۇنىڭ ئەھمىيىتى ۋە تەسىرىنى تەشۋىق قىلىش ئارقىلىق، پىدائىيلار ۋە پىدائىيلارنىڭ خىزمىتىنى ھۆرمەتلەشتەك مۇھىتنى ھازىرلىغان. پىدائىيلارنىڭ قىياپىتى، ئالىيجانابلىقىنى نامايان قىلىپ، پەن - تېخنىكىنى قىزغىن سۆيىدىغان تېخىمۇ كۆپ كىشىلەرنىڭ پىدائىي قوشۇنىغا كىرىشى رىغبەتلەندۈرۈلگەن.

ئىككىنچىدىن، كۆپ قاتلاملىق، كۆپ كەسىپلەر

بىلەن قاپلانغان، كەڭ كۆلەمدە پىدائىيلار قوشۇنى سىستېمىسى قۇرۇپ پىدائىيلار مۇلازىمىتىنى كۈچەيتكەن ھەمدە پىدائىيلارنى تىزىملاش تۈزۈلمىسىنى تۇرغۇزۇپ، كەسپىي پىدائىي قوشۇنى قۇرۇشنى ئاساس قىلىپ، باشقۇرۇشى مۇكەممەل، رەتلىك بولغان، ساپاسى تېخىمۇ يۇقىرى بولغان پىدائىي قوشۇنى قۇرۇشتا چىڭ تۇرۇپ، چوڭ نىسبەتتە پىدائىي بايلىقلىرىنى ئېچىپ، پىدائىي كۈچىنى مەركەزلەشتۈرۈپ، تېخىمۇ كۆپ ئاممىنى پىدائىي خىزمىتى قوشۇنىغا كىرىشكە تەشكىللىدى. مەسىلەن، 2013 - يىل شىنجاڭ پەن - تېخنىكا سارىيى، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ نازارىتى بىلەن بىرلىكتە «2013 - يىلدىن 2017 - يىلىغىچە، ياشلار - ئۆسمۈرلەر پەن - تېخنىكا پائالىيىتى توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇش» نى تارقىتىپ، ئوتتۇرا - باشلانغۇچ مەكتەپلەر قاتارلىق مائارىپ ئورۇنلىرىنىڭ ئوقۇتقۇچىلىرىنى پىدائىي خىزمىتىگە قاتنىشىشقا رىغبەتلەندۈرگەن. يەنە رايونىمىزنىڭ ياشلار - ئۆسمۈرلەر پەن - تېخنىكىنى ئومۇملاشتۇرۇش مائارىپ تەرەققىياتىنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، شىنجاڭ ئوقۇتقۇچى ئۇستازلار پىدائىي قوشۇنى قۇرۇپ، پەننى ئومۇملاشتۇرۇش تەشۋىقات خىزمىتىنى كۈچەيتكەن. ھەمدە پەن - تېخنىكا سارىيى مۇتەخەسسىسلەر پىدائىي بايلىق ئامبىرىنى قۇرۇپ، شىنجاڭ تەبىئەت مۇزېيىدىن ئىبارەت بۇ سۇپىدىن پايدىلىنىپ، ھەر قايسى كەسىپلەردىكى ئىختىساسلىقلار بىلەن پىدائىي قوشۇنىنى كۈچەيتىش، شۇ ئارقىلىق كەڭ خەلق ئاممىسى ئۈچۈن تېخىمۇ ياخشى مۇلازىمەت قىلىشنى قولغا كەلتۈردى. ئۇنىڭدىن سىرت كىچىك پىدائىي قوشۇن تەشكىللەپ، پەن - تېخنىكا يېتەكچىسىنىڭ ئىنچىكە ۋە ئەستايىدىللىق بىلەن تەربىيەلىشى ئاستىدا پىدائىيلىق خىزمىتىنىڭ شەرەپلىك خىزمەت ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدۇردى.

ئۈچىنچىدىن، پىدائىي مۇلازىمەت بازىسى قۇرۇپ، ئېھتىياج بىلەن مۇلازىمەتنى بىرلەشتۈرۈشنى ئەمەلگە ئاشۇردى. مۇلازىمەتنى ئاددىيلاشتۇرۇش پىرىنسىپى بويىچە، ئاساسىي قاتلام، مەكتەپ، ئاھالە كومىتېتى قاتارلىق جايلارنى قاپلاشنى ئاساس قىلغان، تەشكىللەش، ماسلاشتۇرۇش ۋە يۈرگۈزۈشنى بىرلەشتۈرگەن پىدائىي مۇلازىمىتى مەركىزى، پونكىتلىرىنى قۇرۇپ، جەمئىيەتنىڭ ئېھتىياجى ۋە خەلق ئاممىسىنىڭ ئېھتىياجىنى تەكشۈرۈپ ئېنىقلاپ، پىدائىي مۇلازىمىتىنى سىستېمىلاشتۇردى. تور ئارقىلىق تەشۋىقاتنى كۈچەيتتى.

**4. پىدائىيلار مۇلازىمەت سىستېمىسىنى قۇرۇپ مۇلازىمەت ماركىسىنى تىكلەش.**

ھۆكۈمەت كۆڭۈل بۆلۈۋاتقان، جەمئىيەت ئېھتىياجلىق بولغان، ئومۇملۇقىنى كۆزدە تۇتقان پىدائىيلار سىستېمىسىنى قۇرۇپ چىقىپ، ئۇنى ئىجتىمائىي تەرەققىياتنىڭ ئېھتىياجى ۋە پەن - تېخنىكا سارىيىنىڭ پائالىيەتلىرى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، جەمئىيەتنىڭ ئومۇميۈزلۈك تەرەققىياتىدا مۇھىم رول ئوينىدى.

پەن - تېخنىكا سارىيىنىڭ پىدائىيلىرى ساراي ئىچىدىكى ھەر تۈرلۈك كۆرگەزمە ۋە تەلىم - تەربىيە پائالىيەتلىرىگە ئاكتىپ قاتناشقاچقا ئۇلارنىڭ كۆرسەتكەن رولىغا سەل قارىغىلى بولمايدۇ.

(1) شىنجاڭ پەن - تېخنىكا سارىيى 2008 - يىلى ھەقسىز ئېچىۋېتىلگەندىن بېرى ھەر يىللىق كۆرگەزمە كۆرىدىغان ئاممىنىڭ سانى نەچچە يۈز مىڭدىن ئاشتى.

(2) ساراي ئېچىلغاندىن باشلاپ، شىنجاڭ پەن - تېخنىكا سارىيى ئالدى - كەينى بولۇپ، جۇڭگو پەن - تېخنىكا جەمئىيىتى بىلەن «ئوتتۇرا - كىچىك پەن - تېخنىكا سارايلىرىنى يۆلەش پىلانى»، شىنجاڭ سەييارە پائالىيىتى، شىنجاڭ پەن - تېخنىكا كۆرگەزمىسى «زەھەرگە قارشى تۇرۇپ، قانۇن بويىچە زەھەرنى چەكلەيلى» قاتارلىق كۆرگەزمىلەرنى سەييارە ئېلىپ بېرىپ، جەنۇبىي شىنجاڭ، شىمالىي شىنجاڭدىكى 27 ئوتتۇرا كىچىك پەن - تېخنىكا سارايلىرىدا، 34 ئوتتۇرا - باشلانغۇچ ۋە ئاھالە كومىتېتلارغا كۆرگەزمىنى ئېلىپ كىردى، جەمئىي مۇساپىسى 35 مىڭ كىلومېتىرغا يېتىدۇ، بەھرىلەنگەن ئاممىنىڭ سانى 2 مىليون 700 مىڭ ئادەم قېتىمغا يېتىپ، چوڭ كۆلەمدىكى سەييارە كۆرگەز-

# ئاۋاز تەڭشەش سۈپىسىنىڭ تۈرلىرى ۋە ئۇلارنىڭ ئالاھىدىلىكى

مەرەمنىسا توختى
(بايىنغولىن ئوبلاستلىق خەلق رادىيو ئىستانسىسى)

ئاۋاز تەڭشەش سۈپىسى بىر خىل كۆپ يوللۇق
ئاۋاز چاستوتا ئېلېكتىر سىگنالىغا قارىتا تېخنى-
كىلىق بىر تەرەپ قىلىش ۋە مۇۋاپىق ئاۋاز ئۈنۈمى
هاسىل قىلىش ئارقىلىق كېرەكلىك ئېلېكتىر
كۈچىگە مۇۋاپىق بولغان بىرىكتۈرۈش ۋە تەقسىم-
لەش ئېلىپ بارغاندىن كېيىن ئاۋاز قايتۇرۇش -
ياڭرىتىش سىستېمىسىغا سىگنال ئۇزۇتۇش ياكى
ئۈنئالغۇ، كومپيۇتېر قاتارلىق ئاۋاز خاتىرىلىگۈچى
ئۈسكۈنىلەرگە ئاۋاز سىگنالىنى يوللاپ بېرىدىغان
ئاۋاز چاستوتىلىق ئېلېكترون ئۈسكۈنىسىنى
كۆرسىتىدۇ. ئۇ ئادەتتە رادىيو - تېلېۋىزىيەنىڭ
ئاۋاز سىگنالىنى بىرتەرەپ قىلىش سىستېمىسى،
كەسپىي مۇزىكا ئۈن ئېلىش ۋە كىرىشتۈرۈش
خىزمەت ئۆيلىرى، خەلق ئىچىدىكى ئاۋاز سىگنالى-
نى كۈچەيتىشكە مۇناسىۋەتلىك بولغان يىغىن زا-
لى، رېستوران قاتارلىق ساھەلەردە كەڭ ئىشلىتى-
لىدۇ. هازىر ئىشلىتىلىۋاتقان ئاۋاز تەڭشەش سۈپى-
لىرىنىڭ تۈرى خىلمۇخىل بولۇپ، ئادەتتە ئىشلى-
تىلىش ئورنىنىڭ ئوخشىماسلىقىغا قاراپ ئاۋاز
كۈچەيتىشكە ئىشلىتىلىدىغان ئاۋاز تەڭشەش سۈ-
پىسى، پىروگراما كىرىشتۈرۈشكە ئىشلىتىلىدى-
غان ئاۋاز تەڭشەش سۈپىسى ۋە بىۋاستە ئاڭلى-

مىلىرى شىنجاڭ پەن - تېخنىكا جەمئىيىتى ۋە
شىنجاڭ پەن - تېخنىكا سارىيى رەھبەرلىرىنىڭ
قوللىشى ئاستىدا تېخنىكلارنىڭ ۋە يېتەكچىلەرنىڭ
بىرلىكتە ياردىمىدە، يەرلىك رايونلاردا پىدائىي قو-
بۇل قىلىپ، تەلەپكە ئۇيغۇن كەلگەن ئوقۇتقۇچى،
پېنسىيونېر، ئوتتۇرا - باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇ-
غۇچىلىرىنى قوبۇل قىلىپ تەربىيەلەپ يېتىشتۈر-
دى.
(3) «پەن - تېخنىكا ئومۇملاشتۇرۇش كۈنى»،
«پەن - تېخنىكا ھەپتىلىكى»، «مېترولوگىيە كۈ-
نى» قاتارلىق مۇھىم كۈن ۋە بايراملاردا پىدائىيلار-
نى تەربىيەلەپ كۈچىنى جارى قىلدۇردى.
(4) پىدائىيلارنى باھالاش تۈزۈلمىسىنى ئورنى-
تىپ، پىدائىيلارنىڭ مۇلازىمىتىنى مۇكەممەللەش-
تۈرۈش، باھالاش تۈزۈلمىسىنى ئورنىتىپ، پىدا-
ئىيلارنى باھالاپ، ئۇلارنى روھىي ۋە جىسمانىي
جەھەتتىن مۇكاپاتلاپ، رىغبەتلىدى. سىياسەتنىڭ
قوللىشى ئارقىسىدا پىدائىيلارنى سەپەرۋەر قىلىش
تۈزۈلمىسىنى، باشقۇرۇش تۈزۈلمىسىنى، رىغبەت-
لەندۈرۈش تۈزۈلمىسىنى ئىلگىرى سۈرۈپ ۋە مۇ-
كەممەللەشتۈرۈپ، پىدائىيلار قوشۇنىنىڭ ساغلام
تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈردى.

**تەرجىمە قىلغۇچى: مۇنىرە ئابدۇقادىر**
**مۇھەررىر: جۈرئەت ھەبىبۇل**

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېتى
www.uyghurkitap.com



تىشقا ئىشلىتىلىدىغان ئاۋاز تەڭشەش سۇپىسى قاتارلىق تۈرلەرگە، ئىچكى قىسمىدىكى بىر تەرەپ قىلىنىدىغان سىگنال ۋە ئىشلىتىلگەن توك يولىنىڭ ئوخشىماسلىقىغا قاراپ رەقەملىك ئاۋاز تەڭشەش سۇپىسى تەقلىدىي ئاۋاز تەڭشەش سۇپىسى قاتارلىقلارغا بۆلۈنىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا ئىشلىتىش ساھەسىنىڭ ئوخشىماسلىقىغا قاراپ چوڭ جەھەتتىن خەلق ئىچىدە ئىشلىتىلىدىغان ئاۋاز تەڭشەش سۇپىسى ۋە كەسپىي تەلەپكە لايىق ئاۋاز تەڭشەش سۇپىسى قاتارلىق تۈرلەرگىمۇ ئايرىلىدۇ. ئاۋاز تەڭشەش سۇپىسى ھەرقانداق بىر ئېلېكتىر ئاۋاز سىستېمىسى ئۈچۈن ئېيتقاندا كەم بولسا بولمايدىغان يادرولۇق ئۈسكۈنە بولۇپ، ئۇنىڭ ئىقتىدارىنىڭ ياخشى - يامان بولۇشى پۈتكۈل سىستېمىنىڭ ئاۋاز سۈپىتىگە بىۋاستە تەسىر يەتكۈزىدۇ. ئۇنىڭ تۈرلىرىنىڭ ئوخشىماسلىقىغا قاراپ، ئىقتىدارى ۋە ئالاھىدىلىكىدىمۇ قىسمەن پەرقلەر بولىدۇ.

**1. خەلق ئىچىدە ئىشلىتىلىدىغان ئاۋاز تەڭشەش سۇپىسى ۋە كەسپىي تەلەپكە لايىق ئاۋاز تەڭشەش سۇپىسى.** خەلق ئىچىدە ئىشلىتىلىدىغان ئاۋاز تەڭشەش سۇپىسى ئادەتتە يىغىن ۋە كۆپ ۋاستىلىق ئوقۇتۇش زالىدىكى ئاۋاز كۈچەيتىش سىستېمىسى، رېستوران ۋە دىسكوخانىلاردىكى ئاۋاز تەڭشەش سىستېمىسى قاتارلىقلاردا ئىشلىتىدىغان ئاۋاز تەڭشەش سۇپىسىنى كۆرسىتىدۇ. ئادەتتە ئۇنىڭدا تۆت ياكى ئالتە ئاۋاز يولى بولۇپ، ئىقتىدارى جەھەتتىن ئېيتقاندا ئاۋاز كۈچەيتىشنى ئاساس قىلغان، باشقا ئىقتىدارلىرىغا ئانچە ئەھمىيەت بېرىلمىگەن بولىدۇ، بۇلار پەقەت ئادەتتىكى تەلەپنى قاندۇرالايدىغان تۆۋەن تەننەرخلىق ئاۋاز تەڭشەش سۇپىسى بولۇپ، ئۇنىڭ باھاسى ئەرزان، جۇغى كىچىك ۋە ئەپچىل بولىدۇ. كەسپىي تەلەپكە لايىق ئاۋاز تەڭشەش سۇپىسى بولسا ھەرخىل تېخنىكىلىق كۆرسەتكۈچلىرى دۆلەت بېكىتكەن كەسپىي تەلەپكە ئۇيغۇن بولغان، ئىقتىدار جەھەتتىن ئاۋاز سىگنالىنى مەخسۇس بىر تەرەپ قىلالايدىغان كەسپىي ساھەلەرنىڭ ئېھتىياجىنى قاندۇرالايدىغان ئاۋاز تەڭشەش سۇپىسىنى كۆرسىتىدۇ. ئادەتتە رادىيو - تېلېۋىزىيە پىروگراممىلىرىنى ئۈن ئېلىش، كىرىشتۇرۇش ۋە تارقىتىشتا، تەرجىمە فىلىملەرنىڭ ئاۋازىنى ئۈن ئېلىش ۋە كىرىشتۇرۇشتە، ئۇنىڭدىن باشقا ناخشا - مۇزىكىلارنى ئۈن ئېلىش ۋە كىرىشتۇرۇش سىستېمىسىدا، چوڭ تىپتىكى سەنئەت كېچىلىكلىرىنى ئۆتكۈزۈش قاتارلىقلاردا كۆپ ئىشلىتىلىدۇ. ئۇنىڭ ئاۋاز يولى كۆپ بولۇپ، ئادەتتە 8 يول، 12 يول، 18 يول، 24 يول، ھەتتا 32 ئاۋاز يولى بولىدۇ. ئىقتىدار جەھەتتىن ئېيتقاندا، بۇ خىل ئاۋاز تەڭشەش سۇپىلىرىدا ئاۋاز كۈچەيتىش ئىقتىدارىدىن سىرت ھەرخىل ئاۋاز ئۈنۈمىنى بىر تەرەپ قىلىش ئىقتىدارىغا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىلگەن ھەم ئۇنىڭ ئاۋاز سۈپىتى، خىزمىتىنىڭ مۇقىملىقى ۋە سىگنالىنىڭ بىخەتەرلىكى قاتارلىق كۆرسەتكۈچلىرى بىر قەدەر يۇقىرى بولىدۇ.

**2. ئاۋاز كۈچەيتىشكە ئىشلىتىلىدىغان ئاۋاز تەڭشەش سۇپىسى.** بۇ خىلدىكى ئاۋاز تەڭشەش سۇپىسىنىڭ ئاۋاز سىگنالىنىڭ دىنامىكىلىق دائىرىسى بىر قەدەر كەڭ بولىدۇ. يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان خەلق ئىچىدە ئىشلىتىلىدىغان ئاۋاز تەڭشەش سۇپىلىرى ئاساسەن مۇشۇ خىل ئاۋاز تەڭشەش سۇپىسىغا تەۋە بولىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا چوڭ تىپتىكى سەنئەت كېچىلىكلىرىنى ئۆتكۈزۈشتە كەسپىي تەلەپكە لايىق ئاۋاز كۈچەيتىشكە ئىشلىتىدىغان ئاۋاز تەڭشەش سۇپىسى كۆپ ئىشلىتىلىدۇ. ئۇنىڭ ئاۋاز كۈچەيتىشتىكى ئۈنۈمگە ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىلگەن بولۇپ، ئۇ ئاۋاز سۈپىتى ياخشى بولغان ياڭرىتىش سىستېمىسى بىلەن بىرىكسە ئۇنىڭ ئاۋاز سىگنالىنى كۈچەيتىش ئۈنۈمى تېخىمۇ ياخشى بولىدۇ.

**3. پىروگرامما كىرىشتۇرۇشكە ئىشلىتىلىدىغان ئاۋاز تەڭشەش سۇپىسى.** پىروگرامما كىرىشتۇرۇشكە ئىشلىتىلىدىغان ئاۋاز تەڭشەش سۇپىسى رادىيو - تېلېۋىزىيە ئىستانسىلىرىدىكى پىروگراممىنى ئۈن

ئېلىش ۋە كىرىشتۈرۈش، تەرجىمە فىلىمى مەركىزىدىكى فىلىملەرنىڭ ئاۋازىنى ئۈن ئېلىش ۋە كىرىشتۈرۈشتە، ئۇنىڭدىن باشقا ناخشا - مۇزىكىلارنى ئۈن ئېلىش ۋە كىرىشتۈرۈش خىزمەت ئۆيلىرىدە كۆپ ئىشلىتىلىدۇ. بۇ خىلدىكى ئاۋاز تەڭشەش سۈپىسى ئاۋاز خام ماتېرىياللىرىنى ئۈن ئېلىشتىن سىرت، ئۇنىڭ بىرىكمە ئاۋاز، كېچىكمە ئاۋاز، تەقلىدىي ئاۋاز قاتارلىق ھەرخىل ئاۋاز ئۈنۈملىرىنى بىرتەرەپ قىلىش ئىقتىدارى ئالاھىدە ياخشى بولىدۇ. ئۇنىڭغا سەپلەنگەن ئاۋاز يولى ۋە سىگنالنىڭ كىرىش - چىقىرىش ئېغىزلىرىمۇ ئاۋاز كۈچەيتىش سۈپىسىغا قارىغاندا كۆپ بولىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا ئۇنىڭ كونترول سۈپىسىدا ئاۋازنىڭ فازىسىنى بىرتەرەپ قىلغۇچ، ئاۋاز كۈچىنى تەڭپۇڭلاشتۇرغۇچ، بىرىكمە ئاۋازنى كونتروللىغۇچ قاتارلىق ئاۋاز ئۈنۈمىنى بىرتەرەپ قىلىشقا مۇناسىۋەتلىك كونۇپكا بۇرىغۇچلار كۆپ بولۇپ، ئادەتتە كەسپىي تەربىيە كۆرگەن مەشغۇلاتقا پىششىق بولغان كەسپىي ئۈن ئالغۇچى خادىملار مەشغۇلات ئېلىپ بارىدۇ.

**4. بىۋاسىتە ئاڭلىتىشقا ئىشلىتىلىدىغان ئاۋاز تەڭشەش سۈپىسى.** بىۋاسىتە ئاڭلىتىشقا ئىشلىتىلىدىغان ئاۋاز تەڭشەش سۈپىسى رادىيو - تېلېۋىزىيە ئىستانسىلىرىنىڭ پىروگراممىلىرىنى بىۋاسىتە ئاڭلىتىشقا ئىشلىتىلىدۇ. بۇ خىل ئاۋاز تەڭشەش سۈپىسىنىڭ ئاۋاز ئۈنۈمى ياخشى بولغاندىن سىرت، ئۇنىڭ خىزمىتىنىڭ مۇقىملىقى ۋە بىخەتەرلىكىگە قويۇلىدىغان تەلەپ ئىنتايىن يۇقىرى بولىدۇ. چۈنكى ئۇنىڭ خىزمىتىنىڭ مۇقىم ۋە بىخەتەر بولۇشى رادىيو - تېلېۋىزىيە پىروگراممىلىرىنى بىخەتەر تارقىتىشنىڭ مۇھىم كاپالىتى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. شۇڭا ئادەتتە بۇ خىل ئاۋاز تەڭشەش سۈپىلىرىغا قوش توك مەنبەسى سەپلەنگەن بولىدۇ. بۇ خىلدىكى ئاۋاز تەڭشەش سۈپىلىرىغا بىۋاسىتە ئاڭلىتىشنىڭ تەلىپىگە ئۇيغۇن بولغان بەزى ئالاھىدە ئىقتىدارلار سەپلەنگەن بولۇپ، بۇ خىل ئىقتىدارلار يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتكەن باشقا تۈردىكى ئاۋاز تەڭشەش سۈپىلىرىدا بولمايدۇ. مەسىلەن: ئاۋازنى ئىتتىرگۈچ ئارقىلىق قوزغىتىش، ئىشىك چىرىغىنى كونتروللاش، قىزىق لىنىيە تېلېفوننى بىۋاسىتە ئۇلاشقا ئىشلىتىلىدىغان N-1 ئۇلىنىش ئېغىزى قاتارلىقلار. ئۇنىڭدىن باشقا، رادىيو ئىستانسىلىرىغا قارىتا ئېيتقاندا ئۇنىڭدا مەشغۇلات قىلىدىغان كىشىلەر كەسپىي تېخنىكلار بولماستىن، بەلكى دىكتور - رىياسەتچىلەر بولغاچقا، ئۇنىڭ كونتروللاش سۈپىسىنىڭ لايىھەلىنىشى بىر قەدەر ئاددىيلاشتۇرۇلغان ۋە مەشغۇلاتنىڭ ئاددىي، قولايلىق بولۇشىغا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىلگەن.

**5. رەقەملىك ئاۋاز تەڭشەش سۈپىسى ۋە تەقلىدىي ئاۋاز تەڭشەش سۈپىسى.** تەقلىدىي ئاۋاز تەڭشەش سۈپىسىغا ئىشلىتىلگەن توك يولى تەقلىدىي توك يولى بولۇپ، ئۇنىڭدا بىرتەرەپ قىلىنىدىغان ئاۋاز سىگنالىمۇ تەقلىدىي سىگنال بولىدۇ. ئۇنى رەقەملىك ئاۋاز تەڭشەش سۈپىسىغا سېلىشتۇرغاندا دىنامىكىلىق دائىرىسى تار، سىگنالنى بىرتەرەپ قىلىش ئىقتىدارى ئاجىز، ئاۋاز سۈپىتى ۋە باشقا ئىقتىدارلىرىمۇ تۆۋەن بولۇپ، ھازىر ئاساسەن ئىشلەپچىقىرىشتىنمۇ توختىدى. ئەمما قىسمەن ئورۇنلاردا ئاز ساندا ئىشلىتىلمەكتە. رەقەملىك ئاۋاز تەڭشەش سۈپىسى بولسا ھازىرقى يېڭى مودا بولۇپ، ئاۋاز سىگنالىنى رەقەملەشتۈرۈشنىڭ مۇقەررەر يۈزلىنىشى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئۇنىڭدا قوللىنىلغان تېخنىكىمۇ كۈنسېرى پىشىپ يېتىلمەكتە ۋە ئۆلچەملەشتۈرۈلمەكتە. ئۇنىڭ ئاۋاز سۈپىتى ياخشى، ئىقتىدارى يۇقىرى بولغاندىن سىرت، يەنە بىرتەرەپ قىلالايدىغان ئۇچۇرنىڭ مىقدارى كۆپ، ئىشلەتكۈچىلەرنىڭ ھەرخىل تەلىپىنى بىمالال قاندۇرالايدۇ. شۇ سەۋەبتىن رەقەملىك ئاۋاز تەڭشەش سۈپىسى ئىشلەتكۈچىلەرنىڭ قىزغىن ئالقىشىغا ئېرىشمەكتە.

**مۇھەررىر: زەيتۇنگۈل ئابدۇۋايىت**

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



# جۇڭگولۇقلارنىڭ نوبېل مۇكاپاتىغا بولغان چوڭقۇر مۇھەببىتى

يىلدا بىر قېتىم ئۆتكۈزۈلىدىغان نوبېل مۇكاپاتى ئارقا - ئارقىدىن يېشىلمىگەن سىرلارنى يەشمەكتە. گەرچە بۇ يىل نوبېل مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن جۇڭگولۇقلار بولمىسىمۇ جۇڭگولۇقلارنىڭ نوبېل مۇكاپاتىغا قارىتا ئادەتتىكى دۆلەتلەردىن بەكرەك قىزغىنلىقى ۋە چوڭقۇر مۇھەببىتى بار. ئۇنداقتا نېمە ئۈچۈن جۇڭگولۇقلارنىڭ نوبېل مۇكاپاتىغا بۇنداق چوڭقۇر مۇھەببىتى بار؟ بۇ خىل مۇھەببەت قەيەردىن كەلگەن؟

بىرىنچىدىن، جۇڭگولۇقلارنىڭ نوبېل مۇكاپاتىغا بولغان چوڭقۇر مۇھەببىتى مىللەتنىڭ قەدىر - قىممىتىدىن كەلگەن. جۇڭگولۇقلار ئىلگىرى «تۆت چوڭ كەشپىيات» قاتارلىق مۇھىم نەتىجىلەرنى يارىتىپ ئىنسانلارنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن مۇھىم تۆھپە قوشقان. ھالبۇكى ئۆتكەن شانلىق تارىخقا سېلىشتۇرغاندا جۇڭگودا يېقىنقى دەۋر ئىنسانىيىتىنىڭ پەن - تېخنىكا تەرەققىياتى ھەمدە ئەدەبىيات ۋە ئىقتىسادشۇناسلىق ساھەسىدە پەخىرلەنگۈدەك نەتىجىلەر كۆپ ئەمەس. ئىنسانىيەت ئىلىم - پەن نەتىجىسىنىڭ ئەڭ يۇقىرى پەللىسى بولغان نوبېل مۇكاپاتىغىمۇ جۇڭگولۇقلار خېلى ئۇزۇن زامان ئېرىشىپ باقمىدى. بۇ جۇڭگولۇقلاردا بىر خىل ئۆز - ئۆزىنى كەمسىتىش تۇيغۇسى پەيدا قىلغان. شۇڭا، 60 يىل بۇرۇنقى 1956 - يىلى لى جېڭداۋ بىلەن ياڭ جېنىڭدىن ئىبارەت ئىككى نەپەر ياش جۇڭگولۇقنىڭ نوبېل فىزىكا مۇكاپاتىغا ئېرىشىشى پۈتكۈل جۇڭگو جەمئىيىتىنى روھلاندۇرغان.

ھالبۇكى، جۇڭگولۇقلاردا يەنە بىر سوئال تۇغۇلغان. يەنى: جۇڭگونىڭ ئۆز تۇپرىقىدىكى ئالىملار نوبېل مۇكاپاتىغا ئېرىشەلەمدۇ؟ بۇ خىل سوئاللار ئالدىنقى ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا جۇڭگونىڭ پەن - تېخنىكا ساھەسىدە ناھايىتى ئومۇميۈزلۈك بولغان. ھەتتا بەزى كىشىلەر بۇنداق سوئاللارنى «ئەسىر سوئالى» دەپ ئاتاپ، جۇڭگو ئىلىمىنىڭ تەرەققىيات سەۋىيەسىنى ئۆلچىگەن.

لېكىن جۇڭگولۇقلارنىڭ ئارزۇسى مۇشۇ ئىككى يىلدا ئەمەلگە ئاشتى. 2015 - يىلى تۇ يويو بەزگەكنى داۋالايدىغان ئارتېمىزىنىنى كەشىپ قىلىپ شۇ يىلقى فىزىيولوگىيە ياكى مېدىتسىنا نوبېل مۇكاپاتىغا ئېرىشىپ، جۇڭگودىكى تۇنجى نوبېل مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن يەرلىك ئالىم بولۇپ قالدى. قائىدە بويىچە ئېيتقاندا، تۇ يويونىڭ مۇكاپاتقا ئېرىشىشى جۇڭگولۇقلارنىڭ نوبېل مۇكاپاتى ئارزۇسىنى قاندۇرغانىدى. لېكىن تۇ يويونىڭ خىزمىتى جۇڭگونىڭ «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» مەزگىلىدە تاماملانغان بولغاچقا، جۇڭگونىڭ ھازىرقى پەن - تېخنىكا سەۋىيەسىگە ۋەكىللىك قىلالمايتتى. جۇڭگولۇقلار، جۇڭگو ئالىملىرىنىڭ ئازادلىقتىن كېيىنكى خىزمىتىنىڭ دۇنيانىڭ ئەڭ يۇقىرى مۇكاپاتى سۈپىتىدە ئېتىراپ قىلىنىشىنى تېخىمۇ ئارزۇ قىلاتتى.

ئومۇمەن، جۇڭگولۇقلارنىڭ قارىشىچە، دۇنيادىكى ئىككىنچى چوڭ ئىقتىسادىي گەۋدە بولغان جۇڭگو ئىلىم - پەندە دۇنيا ئېتىراپ قىلىدىغان نەتىجە ياراتقاندا، 2008 - يىلىدىكى ئولىمپىك تەنھەرىكەت يىغىنىغا ئوخشاش چېمپىيون بولغان بولاتتى.

ئىككىنچىدىن، جۇڭگولۇقلارنىڭ نوبېل مۇكاپاتىغا بولغان چوڭقۇر مۇھەببىتى ياپونىيەلىك لۇلۇنىڭ مۇكاپاتقا ئېرىشىشى كەلتۈرۈپ چىقارغان بېسىمدىن كەلگەن. يېقىنقى يىللاردا جۇڭگو ئىقتىسادىنىڭ تېز سۈرئەتتە راۋاجلىنىشى بىلەن 2010 - يىلى GDP نىڭ ئومۇمىي مىقدارى تۇنجى قېتىم ياپونىيەدىن ئېشىپ كەتتى. بۇنىڭ بىلەن كۆپلىگەن جۇڭگولۇقلارنىڭ ياپونىيەگە قارىتا پسىخىكىسىدا چوڭ ئۆزگىرىش بولغان، يەنى ياپونىيەنى ئەمدى جۇڭگونىڭ ئۆگىنىش ئۈلگىسى دەپ قارىماسلىق، ياپونىيەنىڭ پەن - تېخنىكا ۋە يېڭىلىق يارىتىشىمۇ ئەڭ ئىلغار ئەمەس دەپ قاراشتىن ئىبارەت. شۇڭا ياپونىيەگە يۈزلىنىپ «يوقاتقان يىگىرمە يىل» دىن كېيىن جۇڭگولۇقلاردا بىر خىل روھىي ئۈستۈنلۈك تۇيغۇسى بولغان.

لېكىن نوبېل مۇكاپاتىغا ئېرىشىشتە ياپونىيەنىڭ

نەتىجىسى ھەقىقەتەن كۆپ. 21 - ئەسىرگە قەدەم قويغاندىن بۇيان، ياپونىيەدە ھەر يىلى ئادەمنى زوقلاندۇرىدىغان مۇكاپاتلارغا ئېرىشىدىغانلار بولۇپ، جەمئىي 17 ئادەم نوبېل مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن. بۇ گېرمانىيە، ئەنگلىيە ۋە فىرانسىيەدىن ئىبارەت غەربتىكى كۈچلۈك دۆلەتلەردىن ھالقىپ ئامېرىكىدىن قالسىلا مۇكاپاتقا ئېرىشىشتە نەتىجىسى چوڭ دۆلەت بولۇپ قالغان. ئەمەلىيەتتە ياپونىيە جۇڭگودىن ھالقىپ كەتمىگەن بولۇپ، پەقەت پەن - تېخنىكا تەرەققىياتى جەھەتتىكى ئىپادىسى بىزدىن ئەلا بولغان. بىر قىسىم كىشىلەر شۇنىڭدىن كېيىن يېڭىچە نەزەر بىلەن قاراپ، ياپونىيەنىڭ نوبېل مۇكاپاتىدىكى غەلىبە قازىنىش تەجرىبىسىنى ئومۇملاشتۇرۇپ، جۇڭگو ۋە ياپونىيەدىن ئىبارەت ئىككى دۆلەتنىڭ يېڭىلىق يارىتىش، مائارىپ ھەتتا ئىقتىسادىي ستراتېگىيە ۋە سىياسەتتىكى پەرقلەرنى تەھلىل قىلغان. شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، ياپونىيەلىكلەرنىڭ نوبېل مۇكاپاتىدىكى مۇۋەپپەقىيىتى جۇڭگولۇقلارنىڭ تەخىرسىزلىك تۇيغۇسىنى قوزغىغان. جۇڭگولۇقلار قانداق قىلغاندا ياپونىيەلىكلەرگە ئوخشاش نۇرغۇن ئالىملار دۇنيانىڭ ئەڭ يۇقىرى مۇكاپاتىنىڭ سەھنىسىگە چىقالايدۇ دېگەن سوئال نۇرغۇن جۇڭگولۇقلارنىڭ ئويلىنىشقا تېگىشلىك مەسىلىسى بولغان.

ئۈچىنچىدىن، جۇڭگولۇقلارنىڭ نوبېل مۇكاپاتىغا بولغان چوڭقۇر مۇھەببىتى جۇڭگونىڭ پەن - تېخنىكا بىلەن مائارىپ تۈزۈلمىسىنىڭ چىگىلىشىپ كەتكىنىدىن كەلگەن. كۆپلىگەن كىشىلەر بۇنىڭدىكى سەۋەبنى جۇڭگونىڭ پەن - تېخنىكا تۈزۈلمىسى ۋە جۇڭگونىڭ مائارىپ تۈزۈلمىسىدە مەسىلە بار دەپ يىغىنچاقلايدۇ، ئۇلار جۇڭگونىڭ پەن - تېخنىكا تۈزۈلمىسىنىڭ مەمۇرلىشىشى ئېغىر، ئىلىم چىرىكلىكى مەۋجۇت، باھالاش تۈزۈمى قاتمال، جۇڭگونىڭ مائارىپ تۈزۈلمىسى ئىلىم بېرىشنىلا ئاساس قىلىدۇ، ئوتتۇرا ۋە باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى ئېغىر دەرسلەر بېسىمىدىن نەپەس ئالالماي قالىدۇ، ئىمتىھان مائارىپى قىزىقىش پىسخىكىسى ۋە يېڭىلىق يارىتىش روھىنى تۇنجۇقتۇرغان دەپ قارايدۇ. ئەلۋەتتە بەزى كىشىلەر بۇ خىل قاراشقا تولۇق قوشۇلۇپ كەتمەيدۇ.

تۇ يۇيۇنىڭ مۇكاپاتقا ئېرىشكەن خىزمىتى ئالدىنقى ئەسىرنىڭ 70 - يىللىرى جۇڭگونىڭ «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» مەزگىلىدە تاماملانغان، ئۇ ۋاقىتتا پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ھەممە يېرىدە سىياسىي ھەرىكەت بولۇۋاتقان بولۇپ، ئۇنداق ناچار مۇھىتتا تەتقىقاتچىلار نوبېل مۇكاپاتىغا ئېرىشەلىگۈدەك نەتىجىنى بارلىققا كەلتۈرەلىگەن يەردە، نېمە ئۈچۈن ھازىر جۇڭگونىڭ ئالىملىرى قىلالمايدۇ؟

ئۇنىڭدىن باشقا تۇ يۇيۇنىڭ نوبېل مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن نەتىجىسى، ئەينى ۋاقىتتا جۇڭگونىڭ پۈتۈن مەملىكەتلىك بەزگەككە قارشى تەتقىقات پىلانى «523 ۋەزىپە» دە تاماملىغان بولۇپ، ھۆكۈمەت رەھبەرلىك قىلغان پەن - تېخنىكا خىزمىتىنىڭ دۇنيا دەرىجىلىك يۇقىرى سەۋىيەدىكى نەتىجىنى يارىتىشىغىمۇ بىر نېمە دېگىلى بولمايتتى. ھالبۇكى، ياپونىيە ھۆكۈمىتى «50 يىلدا 30 ئادەم نوبېل مۇكاپاتىغا ئېرىشىش» پىلانىنى تۈزگەن بولۇپ، ھازىر ئاللىقاچان ئەمەلگە ئاشۇرۇپ بولدى. شۇنداقلا ھۆكۈمەت پىلانىدىكى پەن - تېخنىكا تەرەققىياتىنىڭ ھەرگىزمۇ يولغا قويۇشقا بولمايدىغان ئەمەسلىكىنى ئىسپاتلىدى. شۇڭا جۇڭگونىڭ ھازىرقى بۇ خىل پەن - تېخنىكا تەرەققىيات ئەندىزىسى بويىچە جۇڭگو ئالىملىرى دۇنيا دەرىجىلىك يۇقىرى سەۋىيەدىكى نەتىجىگە ئېرىشەلەمدۇ؟ نوبېل مۇكاپاتىغا ئېرىشەلەمدۇ؟ دېگەن سوئاللار جۇڭگو ئىلىم - پەن تەرەققىيات ئىستراتېگىيەسى ۋە سىياسىتىنىڭ بىر سىناق تېشى بولۇپ قالدى.

ئومۇمەن، نوبېل مۇكاپاتى جۇڭگولۇقلار ئۈچۈن ناھايىتى مۇھىم ۋە ئالاھىدە. بۇ مۇكاپات ھەم جۇڭگو خەلقىنىڭ قەدىر - قىممىتى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ھەم ھازىرقى جۇڭگولۇقلارنىڭ مىللەت پىسخىكىسى ۋە جۇڭگو پەن - تېخنىكا مائارىپ تەرەققىياتىنىڭ ئېتىراپ قىلىنىشى بىلەن زىچ باغلىنىشلىق.

**تەرجىمە قىلغۇچى: مۇنەۋۋەر ئېزىز**
**مۇھەررىر: زەيتۇنگۇل ئابدۇۋايىت**

# جۇڭگولۇقلارنىڭ نوبېل مۇكاپاتىغا بولغان چوڭقۇر مۇھەببىتى

يىلدا بىر قېتىم ئۆتكۈزۈلىدىغان نوبېل مۇكاپاتى ئارقا - ئارقىدىن يېشىلمىگەن سىرلارنى يەشمەكتە. گەرچە بۇ يىل نوبېل مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن جۇڭگولۇقلار بولمىسىمۇ جۇڭگولۇقلارنىڭ نوبېل مۇكاپاتىغا قارىتا ئادەتتىكى دۆلەتلەردىن بەكرەك قىزغىنلىقى ۋە چوڭقۇر مۇھەببىتى بار. ئۇنداقتا نېمە ئۈچۈن جۇڭگولۇقلارنىڭ نوبېل مۇكاپاتىغا بۇنداق چوڭقۇر مۇھەببىتى بار؟ بۇ خىل مۇھەببەت قەيەردىن كەلگەن؟

بىرىنچىدىن، جۇڭگولۇقلارنىڭ نوبېل مۇكاپاتىغا بولغان چوڭقۇر مۇھەببىتى مىللەتنىڭ قەدىر - قىممىتىدىن كەلگەن. جۇڭگولۇقلار ئىلگىرى «تۆت چوڭ كەشپىيات» قاتارلىق مۇھىم نەتىجىلەرنى يارىتىپ ئىنسانلارنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن مۇھىم تۆھپە قوشقان. ھالبۇكى ئۆتكەن شانلىق تارىخقا سېلىشتۇرغاندا جۇڭگودا يېقىنقى دەۋر ئىنسانىيىتىنىڭ پەن - تېخنىكا تەرەققىياتى ھەمدە ئەدەبىيات ۋە ئىقتىسادشۇناسلىق ساھەسىدە پەخىرلەنگۈدەك نەتىجىلەر كۆپ ئەمەس. ئىنسانىيەت ئىلىم - پەن نەتىجىسىنىڭ ئەڭ يۇقىرى پەللىسى بولغان نوبېل مۇكاپاتىغىمۇ جۇڭگولۇقلار خېلى ئۇزۇن زامان ئېرىشىپ باقمىدى. بۇ جۇڭگولۇقلاردا بىر خىل ئۆز - ئۆزىنى كەمسىتىش تۇيغۇسى پەيدا قىلغان. شۇڭا، 60 يىل بۇرۇنقى 1956 - يىلى لى جېڭداۋ بىلەن ياڭ جېنىڭدىن ئىبارەت ئىككى نەپەر ياش جۇڭگولۇقنىڭ نوبېل فىزىكا مۇكاپاتىغا ئېرىشىشى پۈتكۈل جۇڭگو جەمئىيىتىنى روھلاندۇرغان.

ھالبۇكى، جۇڭگولۇقلاردا يەنە بىر سوئال تۇغۇلغان. يەنى: جۇڭگونىڭ ئۆز تۇپرىقىدىكى ئالىملار نوبېل مۇكاپاتىغا ئېرىشەلەمدۇ؟ بۇ خىل سوئاللار ئالدىنقى ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا جۇڭگونىڭ پەن - تېخنىكا ساھەسىدە ناھايىتى ئومۇمىيۈزلۈك بولغان. ھەتتا بەزى كىشىلەر بۇنداق سوئاللارنى «ئەسىر سوئالى» دەپ ئاتاپ، جۇڭگو ئىلمىنىڭ تەرەققىيات سەۋىيەسىنى ئۆلچىگەن.

لېكىن جۇڭگولۇقلارنىڭ ئارزۇسى مۇشۇ ئىككى يىلدا ئەمەلگە ئاشتى. 2015 - يىلى تۇ يۇيۇ بەزگەكنى داۋالايدىغان ئارتېمىزىنىنى كەشىپ قىلىپ شۇ يىلقى فىزىيولوگىيە ياكى مېدىتسىنا نوبېل مۇكاپاتىغا ئېرىشىپ، جۇڭگودىكى تۇنجى نوبېل مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن يەرلىك ئالىم بولۇپ قالدى. قائىدە بويىچە ئېيتقاندا، تۇ يۇيۇنىڭ مۇكاپاتقا ئېرىشىشى جۇڭگولۇقلارنىڭ نوبېل مۇكاپاتى ئارزۇسىنى قاندۇرغانىدى. لېكىن تۇ يۇيۇنىڭ خىزمىتى جۇڭگونىڭ «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» مەزگىلىدە تاماملانغان بولغاچقا، جۇڭگونىڭ ھازىرقى پەن - تېخنىكا سەۋىيەسىگە ۋەكىللىك قىلالمايتتى. جۇڭگولۇقلار، جۇڭگو ئالىملىرىنىڭ ئازادلىقتىن كېيىنكى خىزمىتىنىڭ دۇنيانىڭ ئەڭ يۇقىرى مۇكاپاتى سۈپىتىدە ئېتىراپ قىلىنىشىنى تېخىمۇ ئارزۇ قىلاتتى.

ئومۇمەن، جۇڭگولۇقلارنىڭ قارىشىچە، دۇنيادىكى ئىككىنچى چوڭ ئىقتىسادىي گەۋدە بولغان جۇڭگو ئىلىم - پەندە دۇنيا ئېتىراپ قىلىدىغان نەتىجە ياراتقاندا، 2008 - يىلىدىكى ئولىمپىك تەنھەرىكەت يىغىنىغا ئوخشاش چېمپىيون بولغان بولاتتى.

ئىككىنچىدىن، جۇڭگولۇقلارنىڭ نوبېل مۇكاپاتىغا بولغان چوڭقۇر مۇھەببىتى ياپونىيەلىك لۇلۇنىڭ مۇكاپاتقا ئېرىشىشى كەلتۈرۈپ چىقارغان بېسىمدىن كەلگەن. يېقىنقى يىللاردا جۇڭگو ئىقتىسادىنىڭ تېز سۈرئەتتە راۋاجلىنىشى بىلەن 2010 - يىلى GDP نىڭ ئومۇمىي مىقدارى تۇنجى قېتىم ياپونىيەدىن ئېشىپ كەتتى. بۇنىڭ بىلەن كۆپلىگەن جۇڭگولۇقلارنىڭ ياپونىيەگە قارىتا پسىخىكىسىدا چوڭ ئۆزگىرىش بولغان، يەنى ياپونىيەنى ئەمدى جۇڭگونىڭ ئۆگىنىش ئۈلگىسى دەپ قارىماسلىق، ياپونىيەنىڭ پەن - تېخنىكا ۋە يېڭىلىق يارىتىشىمۇ ئەڭ ئىلغار ئەمەس دەپ قاراشتىن ئىبارەت. شۇڭا ياپونىيەگە يۈزلىنىپ «يوقاتقان يىگىرمە يىل» دىن كېيىن جۇڭگولۇقلاردا بىر خىل روھىي ئۈستۈنلۈك تۇيغۇسى بولغان.

لېكىن نوبېل مۇكاپاتىغا ئېرىشىشتە ياپونىيەنىڭ

نەتىجىسى ھەقىقەتەن كۆپ. 21 ـ ئەسىرگە قەدەم قويغاندىن بۇيان، ياپونىيەدە ھەر يىلى ئادەمنى زوقلاندۇرىدىغان مۇكاپاتلارغا ئېرىشىدىغانلار بولۇپ، جەمئىي 17 ئادەم نوبېل مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن. بۇ گېرمانىيە، ئەنگلىيە ۋە فرانسىيەدىن ئىبارەت غەربتىكى كۈچلۈك دۆلەتلەردىن ھالقىپ ئامېرىكىدىن قالسىلا مۇكاپاتقا ئېرىشىشتە نەتىجىسى چوڭ دۆلەت بولۇپ قالغان. ئەمەلىيەتتە ياپونىيە جۇڭگودىن ھالقىپ كەتمىگەن بولۇپ، پەقەت پەن ـ تېخنىكا تەرەققىياتى جەھەتتىكى ئىپادىسى بىزدىن ئەلا بولغان. بىر قىسىم كىشىلەر شۇنىڭدىن كېيىن يېڭىچە نەزەر بىلەن قاراپ، ياپونىيەنىڭ نوبېل مۇكاپاتىدىكى غەلىبە قازىنىش تەجرىبىسىنى ئومۇملاشتۇرۇپ، جۇڭگو ۋە ياپونىيەدىن ئىبارەت ئىككى دۆلەتنىڭ يېڭىلىق يارىتىش، مائارىپ ھەتتا ئىقتىسادىي ستراتېگىيە ۋە سىياسەتتىكى پەرقلەرنى تەھلىل قىلغان. شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، ياپونىيەلىكلەرنىڭ نوبېل مۇكاپاتىدىكى مۇۋەپپەقىيىتى جۇڭگولۇقلارنىڭ تەخىرسىزلىك تۇيغۇسىنى قوزغىغان. جۇڭگولۇقلار قانداق قىلغاندا ياپونىيەلىكلەرگە ئوخشاش نۇرغۇن ئالىملار دۇنيانىڭ ئەڭ يۇقىرى مۇكاپاتىنىڭ سەھنىسىگە چىقالايدۇ دېگەن سوئال نۇرغۇن جۇڭگولۇقلارنىڭ ئويلىنىشقا تېگىشلىك مەسىلىسى بولغان.

ئۈچىنچىدىن، جۇڭگولۇقلارنىڭ نوبېل مۇكاپاتىغا بولغان چوڭقۇر مۇھەببىتى جۇڭگونىڭ پەن ـ تېخنىكا بىلەن مائارىپ تۈزۈلمىسىنىڭ چېگىلىشىپ كەتكىنىدىن كەلگەن. كۆپلىگەن كىشىلەر بۇنىڭدىكى سەۋەبنى جۇڭگونىڭ پەن ـ تېخنىكا تۈزۈلمىسى ۋە جۇڭگونىڭ مائارىپ تۈزۈلمىسىدە مەسىلە بار دەپ يىغىنچاقلايدۇ، ئۇلار جۇڭگونىڭ پەن ـ تېخنىكا تۈزۈلمىسىنىڭ مەمۇرلىشىشى ئېغىر، ئىلىم چىرىكلىكى مەۋجۇت، باھالاش تۈزۈمى قاتمال، جۇڭگونىڭ مائارىپ تۈزۈلمىسى ئىلىم بىرىشنىلا ئاساس قىلىدۇ، ئوتتۇرا ۋە باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى ئېغىر دەرسلەر بېسىمىدىن نەپەس ئالالماي قالىدۇ، ئىمتىھان مائارىپى قىزىقىش پىسخىكىسى ۋە يېڭىلىق يارىتىش روھىنى تۇنجۇقتۇرغان دەپ قارايدۇ. ئەلۋەتتە بەزى كىشىلەر بۇ خىل قاراشقا تولۇق قوشۇلۇپ كەتمەيدۇ.

تۇ يۇيۇنىڭ مۇكاپاتقا ئېرىشكەن خىزمىتى ئالدىنقى ئەسىرنىڭ 70 ـ يىللىرى جۇڭگونىڭ «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» مەزگىلىدە تاماملانغان، ئۇ ۋاقىتتا پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ھەممە يېرىدە سىياسىي ھەرىكەت بولۇۋاتقان بولۇپ، ئۇنداق ناچار مۇھىتتا تەتقىقاتچىلار نوبېل مۇكاپاتىغا ئېرىشەلىگۈدەك نەتىجىنى بارلىققا كەلتۈرەلىگەن يەردە، نېمە ئۈچۈن ھازىر جۇڭگونىڭ ئالىملىرى قىلالمايدۇ؟

ئۇنىڭدىن باشقا تۇ يۇيۇنىڭ نوبېل مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن نەتىجىسى، ئەينى ۋاقىتتا جۇڭگونىڭ پۈتۈن مەملىكەتلىك بەزگەككە قارشى تەتقىقات پىلانى «523 ۋەزىپە» دە تاماملىغان بولۇپ، ھۆكۈمەت رەھبەرلىك قىلغان پەن ـ تېخنىكا خىزمىتىنىڭ دۇنيا دەرىجىلىك يۇقىرى سەۋىيەدىكى نەتىجىنى يارىتىشىغىمۇ بىر نېمە دېگىلى بولمايتتى. ھالبۇكى، ياپونىيە ھۆكۈمىتى «50 يىلدا 30 ئادەم نوبېل مۇكاپاتىغا ئېرىشىش» پىلانىنى تۈزگەن بولۇپ، ھازىر ئاللىقاچان ئەمەلگە ئاشۇرۇپ بولدى. شۇنداقلا ھۆكۈمەت پىلانىدىكى پەن ـ تېخنىكا تەرەققىياتىنىڭ ھەرگىزمۇ يولغا قويۇشقا بولمايدىغان ئەمەسلىكىنى ئىسپاتلىدى. شۇڭا جۇڭگونىڭ ھازىرقى بۇ خىل پەن ـ تېخنىكا تەرەققىيات ئەندىزىسى بويىچە جۇڭگو ئالىملىرى دۇنيا دەرىجىلىك يۇقىرى سەۋىيەدىكى نەتىجىگە ئېرىشەلەمدۇ؟ نوبېل مۇكاپاتىغا ئېرىشەلەمدۇ؟ دېگەن سوئاللار جۇڭگو ئىلىم ـ پەن تەرەققىيات ئىستراتېگىيەسى ۋە سىياسىتىنىڭ بىر سىناق تېشى بولۇپ قالدى.

ئومۇمەن، نوبېل مۇكاپاتى جۇڭگولۇقلار ئۈچۈن ناھايىتى مۇھىم ۋە ئالاھىدە. بۇ مۇكاپات ھەم جۇڭگو خەلقىنىڭ قەدىر ـ قىممىتى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ھەم ھازىرقى جۇڭگولۇقلارنىڭ مىللەت پىسخىكىسى ۋە جۇڭگو پەن ـ تېخنىكا مائارىپ تەرەققىياتىنىڭ ئېتىراپ قىلىنىشى بىلەن زىچ باغلىنىشلىق.

**تەرجىمە قىلغۇچى: مۇنەۋۋەر ئېزىز**
**مۇھەررىر: زەيتۇنگۈل ئابدۇۋايىت**

www.uyghurkitap.com



# مىكرو دولقۇنلۇق ئوچاق راستىنلا خەتەرلىكمۇ

كۆندىلىك تۇرمۇشىمىزدا مىكرو دولقۇنلۇق ئوچاقنىڭ رولى ئىنتايىن مۇھىم. بىز ئۇنىڭدا سۈت ئىسسىتىشقا، گۆرۈچ ئېشى دۇملەشكە ھەتتا توخۇ قانىتى كاۋىپى پىشۇرۇشقا ئادەتلەنگەن. ئەمما، مىكرو دولقۇنلۇق ئوچاق توغرىسىدا تارقالغان ھەرخىل گەپ - سۆزلەرمۇ ئاز ئەمەس. ئۇنداقتا مىكرو دولقۇنلۇق ئوچاق راستىنلا قورقۇنچلۇقمۇ؟

**مىكرو دولقۇنلۇق ئوچاقتا تەييارلانغان يېمەكلىكلەرنىڭ ئوزۇقلۇق قىممىتى بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرامدۇ؟**

ئادەتتە بىز كۆپلىگەن يېمەكلىك خام خۇرۇچلىرىنى «پىشۇرۇش» ئارقىلىق ئاندىن يېمەكلىك تەييارلايمىز. مەيلى قانداق ئۇسۇلنى قوللىنايلى، يۇقىرى تېمپېراتۇرا مۇھىتىدا يېمەكلىكلەرنىڭ ئوزۇقلۇق تەركىبى خورايدۇ. پەن - تېخنىكا تەتقىقاتلىرىدا دەلىللىنىشىچە، مىكرو دولقۇنلۇق ئوچاق يېمەكلىكلەرنى تېز ئىسسىتىدىغان ھەم ئۈنۈمى يۇقىرى بولغاچقا، ئوخشاش تېمپېراتۇرىدا ئىسسىققا توغرا كەلگەندە مىكرو دولقۇنلۇق ئوچاقتا يېمەكلىكلەرنى ئىسسىتىشقا كېتىدىغان ۋاقىت قىسقا بولىدىكەن، شۇنىڭ ئۈچۈن، ئەنئەنىۋى ئىسسىتىش ئۇسۇلىغا قارىغاندا مىكرو دولقۇنلۇق ئوچاقتا يېمەكلىكلەرنى ئىسسىتقاندا ئوزۇقلۇق قىممىتى ئانچە خوراپ كەتمەيدىكەن. ئەلۋەتتە، بۇ مىكرو دولقۇنلۇق ئوچاقتا غىزا تەييارلاش ھېچقانداق نۇقسانسىز، دېگەنلىك ئەمەس. مىكرو دولقۇنلۇق ئوچاقتا سۇ تەركىبى ئاز ۋە ياغ مىقدارى يۇقىرى بولغان يېمەكلىكلەرنى ھەمدە تويۇنمىغان ياغ كىسلاتاسى بار يېمەكلىكلەرنى ئىسسىتىشقا ماس كەلمەيدۇ. مەسىلەن، مىكرو دولقۇنلۇق ئوچاقتا بېلىق تۈرىدىكىلەرنى ئىسسىتقاندا تەركىبىدىكى تويۇنمىغان ياغ كىسلاتاسىنىڭ مىقدارى دۇملەپ ئىسسىتقانغا قارىغاندا ئازىيىپ كېتىدۇ. دۆلەت ئىچىدىكى بۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك باشقا تەتقىقاتلاردىمۇ دەلىللىنىشىچە، مىكرو دولقۇنلۇق ئوچاقتا گۆش تۈرىدىكى يېمەكلىكلەرنى ئىسسىتقاندا ئوخشاشلا گۆش تەركىبىدىكى تويۇنمىغان ياغ كىسلاتاسى تۆۋەنلەپ كېتىدىكەن. يېمەكلىكلەرنى مايدا پىشۇرغاندا تويۇنمىغان ياغ كىسلاتاسىنىڭ زىيانغا ئۇچرىشى تېخىمۇ كۆپ بولىدىكەن.

**مىكرو دولقۇنلۇق ئوچاقتا يېمەكلىك ئىسسىتقاندا راك پەيدا قىلغۇچى ماددىلارنى پەيدا قىلامدۇ؟**

تەتقىقاتتا كۆرسىتىلىشىچە، يېمەكلىكلەرنى 200 سېلسىيە گرادۇستىن يۇقىرى تېمپېراتۇرىدا پىشۇرغاندا ئاقسىل تۈرىدىكىلەر ئاسانلا راك پەيدا قىلغۇچى ماددا ئارىلاش ھالقىلىق ئامىن تۈرىنى، ياغ تۈرىدىكىلەر ئاسانلا راك پەيدا قىلغۇچى ماددا كۆپ ھالقىلىق ئاروماتىك گىدروكاربونلارنى پەيدا قىلىدىكەن. ئەگەر گرادۇس 300 سېلسىيە گرادۇسقا يەتسە تېخىمۇ كۆپ زىيانلىق ماددىلارنى پەيدا قىلىدىكەن. شۇنىڭ ئۈچۈن، يېمەكلىكلەردىكى راك پەيدا قىلغۇچى ماددىلارنىڭ پەيدا بولۇشىنى كونترول قىلىشتىكى ئاچقۇچلۇق مەسىلە گرادۇسنى تۆۋەنلىتىش ئىكەن. مىكرو دولقۇنلۇق ئوچاقتا يېمەكلىك پىشۇرۇشتا سۇ تەركىبى ئاساسلىق ئىسسىقلىق ئۆتكۈزۈش ۋاستىسى بولغاچقا، سۇ تەركىبى مول بولغان ئەھۋالدا ئىسسىتىش تېمپېراتۇرىسى 100 سېلسىيە گرادۇستىن ئېشىپ كەتمەسلىكى، بولۇپمۇ 180 گرادۇستىن ئېشىپ كەتمەسلىكى لازىم ئىكەن. يۇقىرىدا ئېيتىلغاندەك تېمپېراتۇرا 200 سېلسىيە گرادۇستىن تۆۋەن بولسا ئارىلاش ھالقىلىق ئامىن تۈرى ۋە كۆپ ھالقىلىق ئاروماتىك گىدروكاربون قاتارلىق راك پەيدا قىلغۇچى ماددىلار پەيدا بولمايدىكەن. شۇڭا يېمەكلىكنى زىيادە قىزىتىپ ئىسسىتماي، تېمپېراتۇرا نورمال بول-

سا راك پەيدا قىلغۇچى ماددىلارنىڭ پەيدا بولۇش پۇرسىتىنى ئازايتقىلى بولىدۇ. تەتقىقاتتا بايقىلىشىچە، مىكرو دولقۇنلۇق ئوچاقتا گۆرۈچ دۇملىگەندە پەيدا بولىدىغان ئاكرىل ئامىدنىڭ سانى ئادەتتىكى كورىلاردا دۇملەپ پىشۇرغاندا پەيدا بولىدىغان ئاكرىل ئامىدنىڭ نەچچە ھەسسىسىگە تەڭ ئىكەن. گەرچە بۇ سان مايدا پىشۇرۇلغان يېمەكلىكلەرگە سېلىشتۇرغاندا خېلى ئاز بولسىمۇ لېكىن، يەنىلا تەتقىقاتچىلارنىڭ دىققىتىنى قوزغىدى. بۇنىڭ سەۋەبى، بەلكىم گۆرۈچ تەركىبىدىكى كىراخمال زەررىچىسى ئىسسىقلىق تەسىرىدە بوتقىلاشقاندا، كىراخمال زەررىچىسىنىڭ سىرتىنى ئوراپ تۇرغان ماددا بىلەن گۆرۈچ دېنى ئۆزىنىڭ چەكلىشى تۇپەيلىدىن، ئۇنىڭدىكى ئىسسىقلىق مىقدارى ۋاقتىدا چىقىپ كېتەلمەي، قىسمەن تېمپېراتۇرىسى ئۆرلەپ «ھەددىدىن زىيادە قىزىپ كېتىش» ھادىسىسى كۆرۈلىدۇ. بۇنىڭدىن قارىغاندا، مىكرو دولقۇنلۇق ئوچاقتا سوغۇق تاماقلارنى ۋە ئۇماچلارنى ئىسسىتىشقا بولىدۇ، لېكىن ئۇنىڭدا گۆرۈچ ئېشى دۇملەشكە تازا ماس كەلمەيدۇ.

**مىكرو دولقۇنلۇق ئوچاق قانداق خىزمەت قىلىدۇ؟**

مىكرو دولقۇنلۇق ئوچاقنىڭ ماگنېترونى ئېلېكتر ئېنېرگىيەسىنى مىكرو دولقۇن ئېنېرگىيەسىگە ئۆزگەرتىپ بېرىدۇ. مىكرو دولقۇنلۇق ئېنېرگىيەسى يېمەكلىكنى بەش سانتىمېتىرغىچە تېشىپ ئۆتۈپ، يېمەكلىك تەركىبىدىكى سۇ مولېكۇلاسىنى ھەرىكەتلەندۈرىدۇ. مولېكۇلىلار ئۆزئارا تېگىشىش، سۈركىلىش ئارقىلىق ئىسسىقلىق ئېنېرگىيەسى پەيدا قىلىپ ئاندىن يېمەكلىكنى ئىسسىتىدۇ.

**مىكرو دولقۇنلۇق ئوچاقتا يېمەكلىك تەڭپۇڭ ئىسسىمىغانلىقتىن ئادەم يېگەندىن كېيىن ئاسان كېسەل بولۇپ قالامدۇ؟**

يېمەكلىكنى ئىسسىتقاندا ياكى توڭنى ئېرىتقاندا يېمەكلىكنىڭ شەكلى رەتسىز بولغانلىقتىن ئاسان تەكشى ئىسسىماسلىق ئەھۋالى يۈز بېرىدۇ، ئەمما بۇنى مىكرو دولقۇنلۇق ئوچاققا ئارتىپ قويساق بولمايدۇ. چۈنكى، پۈتۈن توخۇنى ئادەتتىكى قازان ياكى كورىغا سېلىپ دۇملىسەكمۇ قىسقا ۋاقىت ئىچىدە تەكشى پىشىپ كېتىشى ناتايىن. ئادەتتىكى قازاندا يېمەكلىك پىشۇرغاندا يېمەكلىكنى پارچە - پارچە توغراپ سالساق تەكشى قىزىپ پىشىدىغانلىقىنى ھەممىمىز بىلىمىز. لېكىن مىكرو دولقۇنلۇق ئوچاقتا يېمەكلىك قىزىتقاندا يېمەكلىكنى يانتۇ ھالەتتە تەكشى ياتقۇزۇپ قويساق، ئازدىن تەكشى قىزىيدۇ.

**چەت ئەللەردە ھازىر مىكرو دولقۇنلۇق ئوچاقنى ئىشلەتمەمدۇ؟**

مىكرو دولقۇنلۇق ئوچاق ھەرقايسى دۆلەتلەردە كەڭ قوللىنىلىۋاتقان ئىسسىتىش ئۈسكۈنىسى، مەيلى ھەرخىل ساغلاملىق مەھسۇلاتلىرىنى ئىشلەپچىقىرىش، مەكتەپ ئاشخانىلىرى، رېستوران، قاۋاقخانا ۋە ئائىلىلەردە مىكرو دولقۇنلۇق ئوچاقنى ئۇچرىتالايمىز. پەقەت مەشغۇلات ئۇسۇلىمىز توغرا بولسىلا مىكرو دولقۇنلۇق ئوچاق يەنىلا دۇنيا خەلقى ياقتۇرۇپ ئىشلىتىدىغان يېمەكلىك پىشۇرۇش ۋە ئىسسىتىش ئۈسكۈنىسىدۇر. ئەگەر ئىشەنمىسىڭىز چەت ئەللەرگە چىققاندا شۇ يەردىكى كىشىلەرنىڭ ئۆيلىرىگە ياكى مەكتەپ ئاشخانىلىرىغا بېرىپ كۆرۈپ باقسىڭىز بولىدۇ.

**تەرجىمە قىلغۇچى: رىزۋانگۈل نۇرۇللا**

**مۇھەررىر: مۇنەۋۋەر ئېزىز**



# ئاپتوموبىل چىراغ كاشىلىسىنى تۆت باسقۇچلۇق ئەپچىل تەكشۈرۈش ئۇسۇلى

ئىلشات ئىلياس
(ئىلى كەسپىي تېخنىكا ئىنستىتۇتى ماشىنا ئېلېكتىر فاكۇلتېتى)

ئاپتوموبىل توك يولى كاشىلىسى ناھايىتى كۆپ كۆرۈلىدىغان بولۇپ، كاشىلا يۈز بېرىپلا قالسا ئادەم قانداق بىرتەرەپ قىلىشنى بىلمەيلا قالىدۇ. توك يولى پىرىنسىپىنى پىششىق ئىگىلەپ، دائىم كاشىلا يۈز بېرىدىغان ئورۇنغا نىسبەتەن نۇقتىلىق تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغاندا، ئاندىن كاشىلىنى ئۈنۈملۈك بىرتەرەپ قىلغىلى بولىدۇ. تۆۋەندە ئۆزۈم يەكۈنلىگەن توك يولى كاشىلىسىنى تۆت باسقۇچلۇق تەكشۈرۈش ئۇسۇلىنى كۆپچىلىككە تونۇشتۇرماقچىمەن.

**بىرىنچى باسقۇچ:** بىخەتەرلىك سىمىنى (保险丝) تەكشۈرۈش. ئاپتوموبىل بىخەتەرلىك سىمىنىڭ كەلتۈرۈپ چىقارغان چىراغ كاشىلىسى ئاز ئەمەس. تەكشۈرۈش جەريانىدا بىخەتەرلىك سىمىنىڭ كۆيگەن ـ كۆيمىگەنلىكىنى تەكشۈرۈپلا قالماي، يەنە كۆيۈش سەۋەبىنىمۇ تەكشۈرۈش كېرەك. ئەگەر مەلۇم بىخەتەرلىك سىمى دائىم ئاسان كۆيۈپ كەتسە ياكى چىراغنى ئېچىشىمىزغا كۆيۈپ كەتسە، كۆپىنچە سەۋەب چىراغ سىم يولىدا قىسقا تۇتۇشۇش ئەھۋالى بارلىقىنى بىلدۈرىدۇ. تەكشۈرگەن ۋاقىتتا، ئالدى بىلەن بىر ئۆتكۈزگۈچ سىم تەييارلاپ، ئاندىن سىمنىڭ بىر ئۇچىنى بىخەتەرلىك سىم قېپىغا تەككۈزۈپ، يەنە بىر ئۇچىنى چىراغ سىمىغا (ئالدى بىلەن ئەسلىدىكى چىراغ سىمىنى چىقىرىۋېتىش) ئۇلاش كېرەك، ئەگەر چىراغ نورمال يانسا، بىخەتەرلىك سىمى كۆيمىگەن بولۇپ، بىخەتەر سىم قېپى بىلەن چىراغ ئارىسىدىكى سىم يولىدا قىسقا تۇتۇشۇش ئەھۋالى بار بولغان بولىدۇ. بۇنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا تەكشۈرۈش كېرەك، ئەگەر بىخەتەرلىك سىم نورمال، ئېلېكتىر بېسىم نورمال بولسا، تۆۋەندىكى ئۇسۇلدا تەكشۈرسەك بولىدۇ.

**ئىككىنچى باسقۇچ:** چىراغنى تەكشۈرۈش. چىراغ سىمىنىڭ كۆيۈپ كېتىشى، چىراغ كاشىلىسىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان ئاساسلىق سەۋەب. تەكشۈرگەن ۋاقىتتا، چىراغ قارىداپ كەتكەن ياكى چىراغ سىمى كۆيۈپ كەتكەن بولىدۇ. بۇنداق ئەھۋالدا، چىراغنى ئالماشتۇرۇش كېرەك. ئەگەر چىراغ سىمى دائىم ئاسان كۆيۈپ كەتسە، كۆپىنچە ئۆزگىرىشچان توكلۇق گېنېراتور بېسىمىنىڭ زىيادە يۇقىرى بولۇپ كېتىشى كەلتۈرۈپ چىقارغان بولىدۇ. بۇنداق ۋاقىتتا ئۇنىۋېرسال ئۆلچىگۈچ ئارقىلىق ئۆزگىرىشچان توكلۇق گېنېراتور چىقارغان ئېلېكتىر بېسىمىنى ئۆلچەپ، كاشىلىنى مۇقىملاشتۇرۇش كېرەك.

**ئۈچىنچى باسقۇچ:** يەرلىشىپ (搭铁) قالغانلىقىنى تەكشۈرۈش. بىرىنچى، ئىككىنچى باسقۇچ نورمال، چىراغ ئوت سىم ئېلېكتىر بېسىمى نورمال بولغان شارائىتتا، چىراغ يەر سىمىنىڭ يەرلىشىش ئەھۋالىنىڭ ياخشى ـ يامانلىقىنى ياكى سىم يولىنىڭ ئۈزۈلگەن ـ ئۈزۈلمىگەنلىكىنى تەكشۈرۈش كېرەك. بۇنىڭدا ئالدى بىلەن بىر تال ئۆتكۈزگۈچ

سىم تەييارلاپ، بىر ئۇچىنى چىراغ يەر سىم قۇتۇبىغا، يەنە بىر ئۇچىنى ماشىنا جازىسىغا ياكى ئاككۇمۇلياتورنىڭ مەنپىي قۇتۇپىغا ئۆزئارا ئۇلاش كېرەك، ئەگەر چىراغنىڭ يورۇقلۇقى نورمال بولسا، يەرلىشىش ئەھۋالى ياخشى ئەمەس، دەپ ھۆكۈم قىلىش كېرەك. بۇ ۋاقىتتا چىراغ سىمىنىڭ يەرلەشكەن ئورنىنى تەكشۈرۈش، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا چىراغ تەگلىك قۇتۇبىنىڭ تېگىشىش ئەھۋالىنىمۇ تەكشۈرۈش كېرەك. ئەگەر چىراغ تەگلىكىنىڭ داتلىشىش سەۋەبىدىن تۇتۇشۇش ياخشى بولماي قالسا، چىراغ يانماي قالىدىغان ياكى تۇتۇق يانىدىغان كاشىلىلار كۆپ يۈز بېرىدۇ. بۇنى نەزەردىن ساقىت قىلىشقا بولمايدۇ.

**تۆتىنچى باسقۇچ:** سىم يولىنى تەكشۈرۈش. ھازىرقى زامان ئاپتوموبىللىرىنىڭ چىراغ سىم يولىدا بىرقىسىم كونترول قىلىش ئۈسكۈنىلىرى بولىدۇ. مەسىلەن، ئالدى چىراغ بولسا، ئالدى چىراغ رېلىسى ۋە نۇر ئۆزگەرتىش ۋىكلىيۇچاتېلى ئارقىلىق كونترول قىلىنىدۇ. بۇرۇلۇش چىرىغى بولسا، چاقنىتىش رېلىسى ئارقىلىق كونترول قىلىنىدۇ. ئەگەر ئالدى يورۇتۇش چىرىغىنىڭ يېقىن، يىراق نۇرى يانمىسا، نۇر ئۆزگەرتىش ۋىكلىيۇچاتېلى ۋە چىراغ رېلىسى بىلەن چىراغ سىمى ئوتتۇرىسىدىكى ئۆتۈشۈشنىڭ ياخشى - يامانلىقىنى تەكشۈرۈش كېرەك. كاشىلا بايقالمىغان ۋاقىتتا، ئۆتكۈزگۈچ سىم ئارقىلىق رېلىسنى قىسقا تۇتاشتۇرۇپ سىناش كېرەك. ئەگەر چىراغ يەنىلا يانمىسا، سىم يولىنىڭ ئۈزۈلگەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ، بۇ ۋاقىتتا سىم يولىنى تەپسىلىي تەكشۈرۈپ، كاشىلىنى بىر تەرەپ قىلىش كېرەك.

**مۇھەررىر: پەزىلەت تۇرغۇن**



# 目录 | 知识－力量（第 12 期）


**科学与迷信**

01 杠杆原理：省力的“钥匙”……迪丽努尔·艾则孜（译）
02 基因：人类生命的密码……
03 系统：器官的集合体……
04 认识人体：身体“大扫描”……

**发展与探索**

06 改变生活的未来动力……米娜瓦尔·艾则孜（译）
09 越瘦越强悍的手机电池……热孜万古丽·努肉拉（译）
12 2°C，为何成为地球“安全线”……沙塔尔·吾甫尔（译）

**科普之窗**

14 创新基层科普模式提升全民科学素质……刘欣

**健康**

17 肥胖原是基因惹的祸？……努尔夏提·阿布都热西提（译）
20 人体器官移植的“第一次”……帕孜来提·吐鲁洪（译）
21 对健康有害的不良习惯……
24 从细胞水平观察人体器官……
27 什么是天然食物……迪丽努尔·艾则孜（译）

**青少年俱乐部**

29 体温：人体健康的晴雨表……迪丽努尔·艾则孜（译）
31 语言：人脑的高级机能……
32 我们为何很难记住梦……

**动物世界**

35 鹏及其保护……阿不都拉·肉孜

**环境与生命**

40 治理城市光污染亟须提上日程……郭俊亮（译）

**同行平台**

42 农业科技期刊的编辑人员的素质与综合培养……哈力达木·阿不都热衣木

**东西南北**

45 啤酒瓶盖上的锯齿总是 21 个？……米娜瓦尔·艾则孜（译）
46 声呐拥有惊人的杀伤力……木尼热·阿不都卡地尔（译）
47 关于食品小常识……

**您知道吗**

49 场馆志愿服务的方法探究……刘欣
52 浅谈调音台的分类与特点……买热木沙·托呼提
55 中国人的诺贝尔奖情结……米娜瓦尔·艾则孜（译）
57 是微波炉，还是“危”波炉？……热孜万古丽·努肉拉（译）
59 汽车灯光故障的四步检查技巧……依力夏提·依力亚斯（译）






新疆维吾尔自治区科普杂志社

**主　任** 李春阳

**副主任** 陶鹏　阿布都艾尼·依干拜尔迪　恰汗·合孜尔　谢国政　米宁　依明江·扎日　艾春根　摆晓宏

**编　委**（按姓氏笔画排序）
万祥贵　地力夏提·买提肉孜　塔世根·加帕尔　刘瑛　战强　谢树燕　举来提·艾比不拉　罗建业

**社长、总编** 地力夏提·买提肉孜（副编审）

**副社长、副总编** 举来提·艾比不拉（副编审）　罗建业

**编辑部主任** 再吞古丽·阿布都瓦依提
**本期编辑** 米娜瓦尔·艾则孜
**校对** 阿斯亚·玉苏音
**监督电话** (0991)6386550
**编辑部电话** (0991)6386547
**广告发行部电话** (0991)6386551
**主办** 新疆维吾尔自治区科学技术协会
**出版** 新疆维吾尔自治区科普杂志社
**地址** 乌鲁木齐市新医路 686 号（科技馆）
**邮政编码** 830054
**电子邮件** bilimkuqxjkx@163.com
**编辑制作** 《友邻》杂志社
**印刷** 新疆新华印刷厂
**发行** 乌鲁木齐市邮局
**订阅** 全国各地邮政（支）局
**国内统一连续出版物号** CN65-1085/Z
**国际标准连续出版物号** ISSN1002-9427
**邮发代号** 58-15
**广告经营许可证** 6501004000010
**定价** 7.00 元



ئىسپانىيە ۋالېنسىيا گۈزەل - سەنئەت ئىلىم - پەن
شەھىرى بولسا بىر قۇرۇلۇش توپى بولۇپ، ئۇ يەردە
ئاسترونومىيە سارىيى، ئىلىم - پەن مۇزېيى، چوڭ تىيا-
تىرخانا ۋە دېڭىز سارىيى بار. بۇ شەكلى ئاجايىپ گۈ-
زەل قۇرۇلۇشلار شىمالدىن جەنۇبقا قاراپ بىر قاتار
ھەيۋەتلىك تىزىلغان. چوڭ كۆلەمدىكى سۇ يۈزى لايى-
ھەسى كىشىنى تېخىمۇ ھەيران قالدۇرىدىغان بولۇپ،
دېڭىز ئوتتۇرىسىدا لەيلەپ يۈرگەن غايىۋى ئارالدەك
كۆرۈنىدۇ.



گۇگېن خەيمۇ مۇزېيى ئىسپانىيەنىڭ بىلباۋ شە-
ھىرىگە جايلاشقان. بۇ قۇرۇلۇش ئاجايىپ ۋە ئۆز-
گىرىشچان، ئالاھىدە بولغان شەكىل قۇرۇلمىسى
شۇنداقلا تامامەن يېڭىچە بولغان ماتېرىيال تەرك-
بى بىلەن ياۋروپادىكى داڭلىق مۇقەددەس قۇرۇ-
لۇش ئورنى ۋە ھازىرقى زامان سەنئەت سارىيىغا
ئايلانغان، ئۇ يەنە بىلباۋ شەھىرىنىڭ سىمۋولى.



ئىندىئانا پولىس باللار مۇزېيى سىرتىدىن قارىغاندا
بەك ئۆزگىچە بولۇپ، كۆپلىگەن دىنوزاۋر ھەيكىلى تامنى
تېشىپ چىققاندەك كۆرۈنىدۇ. مەزكۇر مۇزېينىڭ ئىچكى
قىسمى جەمئىي تۆت قەۋەت بولۇپ، كۆرگەزمە سارىيى-
نىڭ كۆلىمى 37 مىڭ كۋادرات مېتىردىن چوڭ، ئاسا-
لىق سارايدىن ئون ئىككىسى ۋە 110 مىڭدىن ئارتۇق
يىغىپ ساقلانغان بۇيۇملار بار.

